# شنجاڭ ھۆكۈمەت ئاخباراتى

## 新疆政報

**1996** **6**

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمتى بەنگۈتنىڭ تەرپىدىن چقرىلدى

# شىنجاڭ ئۆكتەبىر تراكتور ياساش (گۇرۇھى) مەسئۇلىيەت چەكلىك شىركىتى

## كارخانىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى




مۇدىرىيەت باشلىقى باش دىرېكتور چېن يۈكگاڭ ئەپەندى

شىنجاڭ ئۆكتەبىر تراكتور ياساش (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ئۆلكىمىز بويىچە نۇقتىلىق تراكتور ئىشلەپچىقىرىدىغان چوڭ تىپتىكى تايانچ كارخانا بولۇپ، 45 يىللىق تەرەققىيات تارىخىغا ئىگە.

ئۆكتەبىر (گۇرۇھى) شىركىتى ئۈرۈمچىنىڭ شەھەر مەركىزىگە جايلاشقان. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 510 مىڭ كۋادرات مېتىر، 66 مىليون يۈەن قىممىتىدىكى مۇقىم مۈلۈكى ۋە 3 مىڭ ئىشچى - خىزمەتچىسى بار. بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىك خادىملار 2 يۈزدىن ئارتۇق، 7 شىركىتى، 6 شۆبە زاۋۇتى 7 سوغۇق ۋە ئىسسىق ھالەتتە پىششىقلاپ ئىشلەش سېخى، «ئالتۇن كۆز» ناملىق بىر مېھمانخانىسى، 594 (يۈرۈشلەنگەن) تۈرلۈك ئۈسكۈنىسى ھەمدە قۇيمىچىلىق، مېخانىكىلىق پىششىقلاپ ئىشلەش، باش قۇراشتۇرۇش، پۈركۈپ سىرلاش قاتارلىق 5 ئىشلەپچىقىرىش تۈرىدە ئاقما مەشغۇلات لىنىيىسى، ئىلغار تېخنىكا ئۈسكۈنىلىرى بار، تېخنىكا كۈچى ئىنتايىن زور. سۈپەت تەكشۈرۈش سىستېمىسى مۇكەممەل، ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلىرى سۈپەتلىك ۋە داڭلىق، شىنجاڭنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش، مەھسۇلاتلىرىنى سېتىپ بەرگەندىن كېيىن مۇلازىمەت قىلىش تورلىرى بار، ئوتتۇرا ئاسىيا، جەنۇبىي ئاسىيادىكى دۆلەتلەرگە ۋە لىتۋا قاتارلىق دۆلەتلەرگىمۇ سېتىلدى.

يېقىنقى 4 يىلدىن بۇيان بۇ شىركەت كارخانىنىڭ ئىچكى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئىگىلىك مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق تەشەببۇسكارلىق بىلەن بازارغا يۈزلىنىپ ۋە رىقابەتكە قاتنىشىپ، كارخانىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتتى، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى جەھەتتە شىنجاڭنىڭ ماشىنىسازلىق ساھەسىدە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتۈپ، ئۆلكىدە زور دەرىجىدە پايدا - باج تاپشۇرىدىغان كارخانىغا ئايلاندى. ھازىر، بۇ گۇرۇھ شىركىتى تراكتور ئىشلەپچىقىرىشتا 3 چوڭ سىستېما بويىچە 16 تۈرلۈك مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىدۇ، بولۇپمۇ 120 - XJ، 150 - XJ تىپلىق تراكتورلار، مىنىستىرلىك تەرىپىدىن ئەلا مەھسۇلات دەپ باھالىنىپ، «مەملىكەت بويىچە ئىستېمالچىلار ئىشىنىدىغان مەھسۇلات» مۇكاپاتىغا، «ئىشلىتىشتە ئىشەنچلىك» نامىغا ئېرىشتى ۋە ماشىنىسازلىق مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «ئىشەنچلىكلىكى ئۆلچەمگە يەتكەن، ئالاھىدە تونۇشتۇرۇلىدىغان مەھسۇلات» قىلىپ باھالاندى، 150 - XJ تىپلىق تراكتور «شىنجاڭ بويىچە 95 - يىللىق داڭلىق مەھسۇلات» قىلىپ باھالاندى. بۇ شىركەت 1995 - يىلى CAD تىپلىق ھېسابلاش ماشىنىسى قوللىنىپ، تەتقىق قىلىپ، ئىجاد قىلىپ ياسىغان 503H - XJ تىپلىق كېۋەزلىكتە ئىشلىتىلىدىغان تراكتور مەملىكەت بويىچە بۇ جەھەتتىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇپ قالماي، ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى.





↑ مۇدىرىيەت باشلىقى باش دىرېكتور چېن يۈكگاڭ ئەپەندى (ئوتتۇردا) مۇدىرىيەت ئەزالىرى بىلەن كارخانىنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى مەسلىھەتلەشمەكتە.

← ئىسلاھات روھى كارخانىغا يېڭى ھاياتىي كۈچ بەخش ئەتتى.

**ياخشى ئىشلەپ شىنجاڭ تراكتورىنى، زېمىنغا بېغىشلايمىز ئىشقىمىزنى**

# «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغدايلى» مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قارشى بايرىقىمىز روشەن ھالدا كۈرەش قىلايلى

## شىنجاڭ گېزىتىنىڭ ئوبزورچىسى

يېقىندا مەركەز شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش توغرىسىدا مۇھىم يوليورۇق چىقىرىپ، نۆۋەتتە شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئاساسلىق خەۋپ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر دەپ ئېنىق كۆرسەتتى ھەم شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش توغرىسىدا بىر يۈرۈش سىياسەت، تەدبىر ۋە تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ مەركەزنىڭ خەلقئارا ۋەزىيەتنى ئومۇميۈزلۈك ئىگىلەپ، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ 3 قەدەم بويىچە مېڭىش ستراتېگىيىسى ۋە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ مۇقىملىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئېگىزدە تۇرۇپ يىراقنى كۆرۈپ، تىنچ ۋاقىتلاردا خەۋپنى ئويلاپ، كىچىك ئىشلاردىن يىراقنى كۆرۈپ چىقارغان، شىنجاڭنىڭ ئۇزاققىچە ئەمىن بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىدىغان مۇھىم ھەل قىلغۇچ تەدبىرى.

بىزنىڭ كەلگۈسى 5 يىللىق، 15 يىللىق ئۇلۇغۋار تەرەققىيات نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، شىنجاڭنى ئېلىمىزدىكى يېڭى ئىقتىسادىي ئېشىش نۇقتىسىغا ئايلاندۇرۇشىمىز ھەم ئالدىنقى قاتارغا ئۆتكۈزۈشىمىز ئۈچۈن مۇقىم مۇھىت بولۇشى كېرەك. شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ مۇقىملىقىغا مۇناسىۋەتلىك، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى ئېلىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك. مەركەزنىڭ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىق خىزمىتى توغرىسىدىكى زور تەدبىرى ھەم ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ شىنجاڭنىڭ ئۇزاققىچە مۇقىملىقىنى ۋە تەرەققىياتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان ئۆتكۈر ئەدىيىۋى قورال، شۇنداقلا دۆلىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت بۇ ستراتېگىيىلىك ئومۇملۇقنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. بىز شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداشنىڭ ناھايىتى مۇھىملىقىنى مۇشۇ ستراتېگىيىلىك يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ تونۇشىمىز كېرەك.

كۆپ يىللاردىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ رەھبەرلىكىدە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى زېھنىي كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ياخشى تۇتۇش بىلەن بىللە، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنى باشتىن ئاخىر گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ تۇتۇپ، ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئۇلارغا تايىنىپ، نۇرغۇن ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنى ئىشلىگەچكە، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش پەيدىنپەي چوڭقۇرلاشتى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش تېز راۋاجلاندى، خەلقنىڭ تۇرمۇشى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاندى، ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋەزىيەت ئومۇمەن مۇقىم بولدى، ھەر خىل ئىشلاردا ناھايىتى زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. لېكىن «دەرەخ جىم تۇراي دېسىمۇ شامال جىم تۇرغۇزمايدۇ»، ئىنتايىن ئاز ساندىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى ئەزەلدىنلا توختاپ قالغىنى يوق، بولۇپمۇ يېقىنقى بىر نەچچە يىلدا، غەربنىڭ دۈشمەن كۈچلەر شىنجاڭغا قارىتا سىڭىپ كىرىش، بۆلگۈنچىلىك قىلىش، ئاغدۇرمىچىلىق قىلىش ھەرىكەتلىرىنى جىددىيلەشتۈرگەن ئارقا كۆرۈنۈشتە چېگرا ئىچىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى يەنە جانلىنىپ قالدى. ئىچكى - تاشقى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر ئۆز ئارا تىل بىرىكتۈرۈپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك تەشكىلاتلىرى ۋە ئەكسىيەتچى شايكىلارنى تەشكىللەپ، تەشكىللىك ھالدا زوراۋانلىق، تېررورلۇق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئەكسىلئىنقىلابىي جامائەت پىكرى تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزدى. مەركەزنىڭ «نۆۋەتتە شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزىۋاتقان ئاساسىي خەۋپ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر» دېگەن بۇ ھۆكۈمى دەل كۆرۈش ئەمەلىيىتىدىن چىقىرىلغان، بۇ

شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا تامامەن ئۇيغۇن. بىز نەتىجىلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىللە، خىزمەتلەردە يەنە ساقلىنىۋاتقان ئاجىز ھالقىلار ۋە دۇچ كېلىۋاتقان نۇرغۇن رېئال ۋە يوشۇرۇن تىنچسىزلىق ئامىللىرىنى سەگەكلىك بىلەن كۆرۈپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش خىزمىتىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكلىكى، مۇرەككەپلىكى ۋە مۈشكۈللۈكىنى تولۇق تونۇشىمىز كېرەك.

قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەردىن پايدىلىنىپ، بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق قىلىش - ھازىرقى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ ئەڭ ئاساسلىق رەزىل قىلمىشى. ئۇلار دىنىي تونغا ئورۇنۇۋېلىپ، بىر قىسىم ئاممىنىڭ ساددا مىللىي ھېسسىياتى ۋە دىنىي ھېسسىياتىدىن پايدىلىنىپ، دىنىي ئەسەبىيلىكنى قوزغىتىپ، غازات قىلىشنى تەرغىب قىلىپ، بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىلىرىنى سىڭدۈرۈپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك كۈچلىرىنى تەربىيىلەپ، ئەدلىيە، مەمۇرىيەت، مائارىپقا ئارىلىشىپ، قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلدى. قەيەردە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر ئەۋج ئالغان بولسا، شۇ يەر تىنچ بولمىۋاتىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدا يۈز بەرگەن بىر يۈرۈش ئۇرۇش - چېقىش، بۇلاش، قالايمىقانچىلىق ۋەقەلىرى، ئەكسىلئىنقىلابىي زوراۋانلىق ۋەقەلىرى، پارتلىتىش، يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈشتەك تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىنىڭ ھەممىسىدىلا دېگۈدەك مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئارقا كۆرۈنۈشى بار، بۇلارنىڭ ھەممىسى قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر بىلەن باغلانغان. جىددىي رېئاللىق شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مۇھىم بازىسى، ئەشۇ مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر بىۋاستە قول تىققان قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرمۇ ئەمەلىيەتتە مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ ئىتتىپاقداش قوشۇنى بولۇپ قالدى. مەركەزنىڭ بۇ قېتىم قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر بىلەن مىللىي بۆلگۈنچىلىكنى ئوخشاشلا شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزۈۋاتقان ئاساسلىق خەۋپ قاتارىغا كىرگۈزۈشى، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنىڭ خەۋپلىك خاراكتېرىنىڭ ماھىيەتلىك يىغىنچاقلىنىشى، ئۇ ئىنتايىن قاراتمىلىققا ئىگە ۋە ناھايىتى مۇھىم. كۈرەش تەجرىبىلىرى بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، قانۇنسىز دىنىي تەشكىلاتلار تۈپ يىلتىزىدىن يوقىتىلمايدىكەن، مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنى تەلتۆكۈس تازىلاش مۇمكىن ئەمەس. شىنجاڭنىڭ ئۇزاققىچە ئەمىن تېپىشىدىن سۆز ئېچىشمۇ مۇمكىن ئەمەس.

مىللىي بۆلگۈنچىلىك — مىللەتنى پارچىلايدىغان، ۋەتەننىڭ بىرلىككە بۇزغۇنچىلىق قىلىشنى مەقسەت قىلغان ئەكسىيەتچىل سىياسىي تەشەببۇس، ئەكسىيەتچىل ئىجتىمائىي ئىدىيىۋى ئېقىم ۋە ئەكسىيەتچىل ھەرىكەت. ئۇنىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتى جۇڭگو كومپارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى سوتسىيالىستىك خەلق ھاكىمىيىتىگە قارشى تۇرۇش ۋە ئۇنى ئاغدۇرۇش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقى، تىنچلىقى ۋە بەخت - سائادىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش. مىللىي بۆلگۈنچىلەر ئۆز مىللىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزىدۇ، ئۇ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى، بىز بىلەن مىللىي بۆلگۈنچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش بىر مەيدان ھايات - ماماتلىق سىنىپىي كۈرەش، قىلچە مۇرەسسەگە يول قويۇشقا زادى بولمايدۇ، بۇ ئىشتا كومپارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ كاللىسى سەگەك، مەيدانى مۇستەھكەم بولۇشى كېرەك. بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ئۆزلىرىنىڭ ئىدىيىۋى تونۇشىنى مەركەزنىڭ روھى ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، بايرىقى روشەن ھالدا، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قارشى كۈرەش قىلىشى كېرەك. ئومۇملۇق بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بۇ پرىنسىپال مەسىلىدە، ھەرگىز ئارىسالدى بولۇشقا، تەۋرىنىشكە بولمايدۇ. بۇ، يولداشلىرىمىزنىڭ سىياسىيغا، پارتىيىۋىلىككە ئەھمىيەت بېرىدىغان ياكى ئەھمىيەت بەرمەيدىغانلىقىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم بەلگە. بىز چوقۇم يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى ۋە ئاساسىي فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە قانۇننىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قوغداش بايرىقىنى يۈكسەك سىياسىي سەزگۈرلۈك ۋە مەردانىلىق بىلەن ئېگىز كۆتۈرۈپ، ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما بىلەن كەڭ دائىرىدە ئىتتىپاقلىشىپ ۋە ئۇلارغا تايىنىپ، ناھايىتى ئاز ساندىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋە ھەر خىل ئېغىر جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىنى ئەڭ زور دەرىجىدە يېتىم قالدۇرۇپ ۋە ئۇلارغا زەربە بېرىپ، بىر نىيەت - بىر مەقسەتتە شىنجاڭنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك.

# ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ نەشر ئەپكارى

## شىنجاڭ ھۆكۈمەت ئاخباراتى 1996 - يىل ئىيون

**ھۆكۈمەتنىڭ ئەمىر - پەرمانلىرىنى يەتكۈزۈپ، خىزمەتچىلەرگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھات ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ ھەم سىزنى ياخشى ئۇچۇر ۋە تەجرىبىلەر بىلەن تەمىن ئېتىدۇ**

## مۇندەرىجە

### شىنجاڭ گېزىتىنىڭ ئوبزورى


«مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغدايلى» مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قارشى بايرىقىمىز روشەن ھالدا كۈرەش قىلايلى............ (1)


### قانۇن - نىزاملار


شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ «دۆلەت تۆلەم ھەققىنى باشقۇرۇش چارىسى» نى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى بىر قانچە بەلگىلىمىسى (ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ پەرمانى 57 - نومۇرلۇق .................................. (5)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ نەسىللىك چارۋا ۋە ئۇۋى قۇشلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى ........................ (8)


### ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ھۆججەتلىرى


1995 - يىلى زىياننى تۆگىتىپ پايدىنى ئاشۇرغان ئىلغار ئورۇنلارنى تەقدىرلەش توغرىسىدا قارار (ش ھ [1996] 22 - نومۇرلۇق .................................. (12)

ئاپتونوم رايونلۇق سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئەسلىدىكى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركەتلىرى ۋە پاي چەكلىك شىركەتلىرىنى قايتىدىن تىزىملاش پىكرىنى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش (ش ھ ب [1996] 51- نومۇرلۇق) .................................. (13)

تاماكا مونوپول تىجارىتى بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، تاماكا بازىرىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش (ش ھ ب [1996] 34 - نومۇرلۇق) .................. (16)

ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتىنىڭ «مۇرەككەپ ئارىلاشما ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارەتكە بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشكە دائىر بىر قانچە بەلگىلىمە» سىنى تارقىتىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش(ش ھ ب [1996] 41 - نومۇرلۇق .............. (19)



ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەش-كۈنتىگى نەشر قىلدى

«شىنجاڭ ھۆكۈمەت ئاخباراتى» تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى

ئايلىق ژۇرنال

ھەر ئاينىڭ 15 - كۈنى نەشردىن چىقىدۇ

باش مۇھەررىر: ئايۇپ تىيىپ

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: رىشىت رازاق

مەسئۇل مۇھەررىر: رەيھان لېتىپ

مۇھەررىر: پاشا ئېلى (تەكلىپ قىلىنغان)

بىناكارلىق كەسپىنىڭ ئەمگەك مۇھاپىزەت غەملىمىسىنى ئازايتىش ۋە كەچۈرۈم قىلىشنى مەنئى قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش (ش ھ ب 〔1996〕 48 - نومۇرلۇق) ...... (22)

ئۆلكىلەر ئارا يۆتكىلىدىغان پاختىدىن ئېلىنىغان مۇكاپات پۇلىنى باشقۇرۇش چارىسىنى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش (ش ھ ب 〔1996〕 50 - نومۇرلۇق) ...... (23)

## ئاپپارات ئىسلاھاتىغا دائىر ھۆججەتلەر

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ساياھەت ئىدارىسىنىڭ فۇنكسىيىسى، ئىچكى ئاپپاراتى ۋە خادىملار شتاتى توغرىسىدىكى لايىھىنى تارقىتىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش (ش ھ ب 〔1996〕 21 - نومۇرلۇق) ...... (24)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتىنىڭ فۇنكسىيىسى، ئىچكى ئاپپاراتى ۋە خادىملار شتاتى توغرىسىدىكى لايىھىنى تارقىتىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش (ش ھ ب 〔1996〕 32 - نومۇرلۇق) ...... (28)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خىمىيە سانائىتى نازارىتىنىڭ فۇنكسىيىسى، ئىچكى ئاپپاراتى ۋە خادىملار شتاتى توغرىسىدىكى لايىھىنى تارقىتىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش (ش ھ ب 〔1996〕 38 - نومۇرلۇق) ...... (30)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ فۇنكسىيىسى، ئىچكى ئاپپاراتى ۋە خادىملار شتاتى توغرىسىدىكى لايىھىنى تارقىتىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش (ش ھ ب 〔1996〕 40 - نومۇرلۇق) ...... (34)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۆلچەش - سىزىش ئىدارىسىنىڭ فۇنكسىيىسى، ئىچكى ئاپپاراتى ۋە خادىملار شتاتى توغرىسىدىكى لايىھىنى تارقىتىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش (ش ھ ب 〔1996〕 44 - نومۇرلۇق) ...... (39)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ فۇنكسىيىسى، ئىچكى ئاپپاراتى ۋە خادىملار شتاتى توغرىسىدىكى لايىھىنى تارقىتىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش (ش ھ ب 〔1996〕 47 - نومۇرلۇق) ...... (42)

## سۈرەتلىك خەۋەر

شىنجاڭ ئۆكتەبىر تىراكتور ياساش (گۇرۇھى) مەسئۇلىيەت چەكلىك شىركىتى ...... (مۇقاۋىنىڭ 2 -، 3 -، 4 - بەتلىرىدە)

## كىچىك لۇغەت

قېلىپلاشتۇرۇلغان ئاتالغۇلار ...... (48)

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ «دۆلەت تۆلەم ھەققىنى باشقۇرۇش چارىسى» نى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى بىر قانچە بەلگىلىمىسى

**شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق**
**خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ پەرمانى**
**57 ـ نومۇرلۇق**

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ «دۆلەت تۆلەم ھەققىنى باشقۇرۇش چارىسى» نى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى بىر قانچە بەلگىلىمىسى» ئېلان قىلىندى. ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ يولغا قويۇلسۇن.

ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى **ئابلەت ئابدۇرېشىت**

1996 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى

**1 ـ ماددا** مەقسەت ۋە ئاساس

بۇ بەلگىلىمە دۆلەت تۆلەم ھەققىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، پۇقرالار، قانۇنىي ئىگىلەر ۋە باشقا تەشكىلاتلارنىڭ قانۇن بويىچە دۆلەت تۆلىمىگە ئېرىشىش ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ھەر دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى ۋە خىزمەتچىلىرىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشكە تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن، گوۋۇيۈەننىڭ «دۆلەت تۆلەم ھەققىنى باشقۇرۇش چارىسى» ۋە ئالاقىدار قانۇن ـ نىزاملارغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈپ چىقىلدى.

**2 ـ ماددا** قوللىنىش دائىرىسى

قانۇن ـ نىزاملاردىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەر دەرىجىلىك مالىيىسىدىن چىقىم قىلىنىدىغان دۆلەت تۆلەم ھەققىنىڭ خام چوتىنى ئىشلەشتە، ئۇنى ئىشلىتىش، ئاجرىتىپ بېرىش، چىقىم قىلىش، تۆلەم ھەققىنى تۆلىتىش ۋە ئېلىش ئىشلىرىدا شۇنداقلا قانۇن ئىجراسىنى نازارەت قىلىشتا بۇ بەلگىلىمىگە رىئايە قىلىنىدۇ.

**3 ـ ماددا** ئاتالغۇلارنىڭ مەنىسى

دۆلەت تۆلەم ھەققى تۆلەم تۆلىگۈچى ئورگانلارنىڭ قانۇن ـ نىزاملار ۋە ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە تۆلەم تەلەپ قىلغۇچىغا تۆلەپ بەرگەن تۆلەم پۇلى ياكى قايتۇرۇپ بەرگەن مۈلكىنى ۋە مال ـ مۈلكىنى، ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە تۆلىگەن تۆلەم ھەققىنى كۆرسىتىدۇ.

تۆلەم تۆلىگۈچى ئورگان ۋە تۆلەم تۆلەنگۈچىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش، تۆلەم تۆلەش ياكى تۆلىمەسلىك دائىرىسىنى بېكىتىش شۇنىڭدەك تۆلەم ھەققىنىڭ ئۆلچىمىنى ھېسابلاش ئىشلىرى «دۆلەت تۆلەم قانۇنى» دىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە ئىجرا قىلىنىدۇ.

**4 ـ ماددا** باشقۇرۇش تارمىقى

دۆلەت تۆلەم ھەققىنى باشقۇرۇشتا «بەلگىلىمىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، دەرىجە بويىچە ئۈستىگە ئېلىش، دەرىجە بويىچە باشقۇرۇش، نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىش» پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىنىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە تارمىقى مۇشۇ بەلگىلىمىنىڭ تەشكىللىنىپ يولغا قويۇلۇشىغا مەسئۇل بولىدۇ ھەمدە ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەت تۆلەم ھەققىنىڭ باشقۇرۇلۇشىغا كەسپىي جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىدۇ ۋە نازارەتچىلىك قىلىدۇ.

ناھىيە (شەھەر) دەرىجىلىكتىن يۇقىرى مالىيە ئورگانلىرى ۋە خام چوت تەسىس قىلىنغان يېزىلىق، بازارلىق مالىيە ئاپپاراتلىرى ئۆزلىرى قانۇن بويىچە چىقىم قىلىدىغان دۆلەت تۆلەم ھەققىنى دەرىجىگە بۆلۈپ باشقۇرىدۇ؛ خام چوت تەسىس قىلمىغان يېزا، بازارلارنىڭ دۆلەت تۆلەم ھەققىنى ناھىيىلىك (شەھەرلىك) مالىيە ئورگانلىرى باشقۇرىدۇ.

ھەر دەرىجىلىك ئىقتىسادىي تەپتىش ۋە مەمۇرىي تەپتىش ئورگانلىرى دۆلەت تۆلەم ھەققىدە ئىقتىسادىي مۇپەتتىشلىك ۋە مەمۇرىي مۇپەتتىشلىك ۋەزىپىسىنى يۈرگۈزىدۇ.

ناھىيە (شەھەر) دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ھۆكۈمەتلەرنىڭ قانۇنچىلىق ئورگانلىرى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە دۆلەت تۆلەم ھەققىنى باشقۇرۇشنىڭ ئىجراسىنى ئومۇمىيسال نازارەت قىلىدۇ.

**5 ـ ماددا** تۆلەم ھەققىنى خام چوت قىلىش ۋە ئىشلىتىش

دۆلەت تۆلەم ھەققىنى ھەر دەرىجىلىك مالىيە دەرىجىگە بۆلۈپ ئۈستىگە ئالىدۇ.

ناھىيە (شەھەر) دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋە خام چوت تەسىس قىلىنغان يېزىلىق، بازارلىق خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ھەر يىلى ئالدىنقى يىللىق مالىيە خام چوتىدىكى نورمال خىراجەت چىقىم سانىنىڭ 3‰ ـــ 1 نى شۇ دەرىجىلىك دۆلەت تۆلەم ھەققى مالىيە خام چوتىغا كىرگۈزىدۇ؛ خام چوت تەسىس قىلمىغان يېزا، بازارلارنىڭ دۆلەت تۆلەم ھەققىنى ناھىيىلىك (شەھەرلىك) خەلق ھۆكۈمەتلىرى شۇ دەرىجىلىك مالىيە خام چوتىغا كىرگۈزىدۇ.

دۆلەت تۆلەم ھەققى مەخسۇس ئىشلىتىلىدۇ. شۇ يىلى ئەمەلىي چىقىم قىلىنغان دۆلەت تۆلەم ھەققىنىڭ يىللىق خام چوتتىن ئېشىپ كەتكەن قىسمى شۇ دەرىجىلىك مالىيە خام چوت ئىچىدىكى زاپاس پۇلدىن ھەل قىلىنىدۇ؛ ئېشىپ قالغان قىسمى كېلەر يىللىق ھېساباتقا ئۆتكۈزۈپ ئىشلىتىلسە بولىدۇ.

**6 ـ ماددا** تۆلەم ئۇسۇلى

دۆلەت تۆلىمىدە تۆلەم پۇلى تۆلەش ئاساسلىق ئۇسۇل بولىدۇ.

تۆلەم تۆلىگۈچى ئورگانلار مال ـ مۈلكنى قايتۇرۇپ بېرىش ياكى مال ـ مۈلۈكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئارقىلىق تۆلەم قىلالىسا، قانۇن بويىچە مال ـ مۈلۈكنى قايتۇرۇپ بېرىشى ياكى مال ـ مۈلۈكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى لازىم.

**7 ـ ماددا** تۆلەم ھەققىنىڭ چىقىم قىلىنىشى

دۆلەت تۆلەم ھەققىنى تۆلەم تۆلەتكۈچى ئورگان ئۆز ئورنىنىڭ خام چوتىدىكى خىراجىتى ۋە ئۆزىگە قالدۇرۇلغان مەبلىغىدىن چىقىم قىلىپ تۇرۇپ، ئاندىن شۇ دەرىجىلىك مالىيىدىن تۆلەم پۇلى ئاجرىتىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلىدۇ. تۆلەم سوممىسى بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، تۆلەم تۆلىگۈچى ئورگان چىقىم قىلىپ تۇرۇشتا قىينالسا، شۇ دەرىجىلىك مالىيىدىن تۆلەم ھەققىنى ئالدىن ئاجرىتىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ.

مال ـ مۈلۈكنى قايتۇرۇش شەكلى ئارقىلىق تۆلەم بەرگۈچىلەرگە تۆۋەندىكى بەلگىلىمە تەتبىقلىنىدۇ:

1) مال ـ مۈلۈك مالىيىگە تېخى تاپشۇرۇلمىغان بولسا تۆلەم تۆلەتكۈچى ئورگان تۆلەشكە مەسئۇل بولىدۇ.

2) مال ـ مۈلۈك مالىيىگە تاپشۇرۇلغان بولسا، تۆلەم تۆلەتكۈچى ئورگان مال ـ مۈلۈكنى تاپشۇرۇۋالغان مالىيە ئورگىنىدىن مال ـ مۈلۈكنى قايتۇرۇشنى ئىلتىماس قىلىدۇ.

**8 ـ ماددا** تۆلەم ھەققىنى ھېسابلاپ (ئالدىن) ئاجرىتىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلىش

تۆلەم تۆلەتكۈچى ئورگان تۆلەم ھەققىنى چىقىم قىلىپ تۇرغاندىن كېيىن، مالىيە ئورگىنىدىن دۆلەت تۆلەم ھەققىنى ئاجرىتىپ بېرىشنى ۋاقتىدا ئىلتىماس قىلىشى؛ دۆلەت تۆلەم ھەققىنى ئالدىن ئاجرىتىشقا ياكى مالىيىگە تاپشۇرۇلغان مال- مۈلۈكنى قايتۇرۇپ بېرىشكە توغرا كەلگەندە، تۆلەم تۆلەتكۈچى تۆلەم ئىلتىماسىنى سۇنغان كۈندىن باشلاپ 30 كۈن ئىچىدە، مالىيە ئورگىنىدىن دۆلەت تۆلەم ھەققىنى ئالدىن ئاجرىتىپ بېرىشنى ياكى مالىيىگە تاپشۇرۇلغان مال- مۈلۈكنى قايتۇرۇپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلىشى كېرەك.

دۆلەت تۆلەم ھەققىنى ھېسابلاپ (ئالدىن) ئاجرىتىپ بېرىشنى ۋە مال ـ مۈلۈكنى قايتۇرۇپ بېرىشنى يازما شەكىل ئارقىلىق ئىلتىماس قىلىش ھەمدە تۆۋەندىكى ھۆججەت ياكى ئۇنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسى قوشۇمچە قىلىنىشى كېرەك:

1) تۆلەم تۆلەتكۈچىنىڭ تۆلەم ئېلىش ئىلتىماسى ۋە تۆلەم تۆلىگۈچى ئورگاننىڭ تۆلەم ئېلىش قارارى؛

2) قايتا قاراپ چىققۇچى ئورگاننىڭ قايتا قاراپ چىقىش قارارى؛

3) خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ھۆكۈمنامىسى، كېسىمنامىسى ياكى تۆلەم قارارى؛

4) مال ـ مۈلكى مالىيىگە تاپشۇرۇلغانلىق ئىسپاتى؛

5) تۆلەم تۆلىگۈچى ئورگاننىڭ تۆلەم تۆلەتكۈچىگە ئالدىن بەرگەن تۆلەم پۇلى ئىسپاتى؛

6) تۆلەم تۆلىگۈچى ئورگاننىڭ قەستەن مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغان ياكى ئېغىر سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەنلەردىن تۆلەم ھەققى تۆلىتىش پىكرى ياكى قارارى؛

7) قانۇن ـ نىزام، قائىدە ۋە مالىيە ئورگانلىرىنىڭ بەلگىلىمىلىرى بويىچە تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك باشقا ئالاقىدار ھۆججەت ماتېرىياللار.

**9 - ماددا** تۆلەم ھەققىنى ھېسابلاپ (ئالدىن) ئاجرىتىپ بېرىش ئىلتىماسىنى تەكشۈرۈش

مالىيە ئورگانلىرى تۆلەم تۆلىگۈچى ئورگاننىڭ دۆلەت تۆلەم ھەققىنى ھېسابلاپ (ئالدىن) ئاجرىتىپ بېرىش ۋە مال- مۈلۈكنى قايتۇرۇپ بېرىش ئىلتىماسىنى تاپشۇرۇپ ئالغان كۈندىن باشلاپ 30 كۈن ئىچىدە تەڭ دەرىجىلىك ھۆكۈمەت قانۇنچىلىق ئاپپاراتلىرى بىلەن بىرلىكتە ئىلتىماسنى تەكشۈرۈشى ھەمدە تۆۋەندىكى بەلگىلىمە بويىچە بىجىرىشى كېرەك:

1) ھېسابلاپ (ئالدىن) ئاجرىتىپ بېرىلىدىغان تۆلەم ھەققى ۋە قايتۇرۇپ بېرىلىدىغان مال - مۈلۈكلەر توغرىسىدا دۆلەت تۆلەم ھەققىنى ئاجرىتىپ بېرىش ئۇقتۇرۇشى، مال - مۈلۈكلەرنى قايتۇرۇپ بېرىش ئۇقتۇرۇشى ۋە كىرىمنى خەزىنىگە قايتۇرۇش ئۇقتۇرۇشى قاتارلىقلارنى ۋاقتىدا چىقىرىپ بېرىش كېرەك.

2) تۆلەم تۆلىگۈچى ئورگاننىڭ قەستەن مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىپ ياكى ئېغىر سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ دۆلەتنى تۆلەم تۆلەش زىيىنىغا ئۇچرىتىش ياكى دۆلەتنىڭ تۆلەم قانۇنىدا بەلگىلەنگەن دائىرە ۋە ئۆلچەمدىن ئېشىپ كېتىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلسە، دەرھال شۇ دەرىجىلىك ھۆكۈمەتكە تۆلەم تۆلىگۈچى ئورگاننى قىسمەن ياكى بارلىق تۆلەم ھەققىنى ئۈستىگە ئېلىشقا بۇيرۇش توغرىسىدا يازما تەكلىپ بېرىش كېرەك.

3) تۆلەم تۆلىگۈچى ئورگاننىڭ مۇسادىرە قىلغان پۇل ۋە مال - مۈلۈكلەرنى يۇقىرىغا تاپشۇرماي، بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىش ئەھۋالى بايقالسا، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ مالىيە قانۇن - نىزاملىرىغا خىلاپلىق قىلغانلارنى جازالاشقا ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرى بويىچە بىر تەرەپ قىلىش ھەمدە ھېسابلاپ (ئالدىن) ئاجرىتىپ بېرىلىدىغان دۆلەت تۆلەم ھەققىنى كېمەيتىپ بېرىش ياكى بەرمەسلىك كېرەك.

**10 - ماددا** تۆلەم ھەققىنى تۆلىتىش

تۆلەم تۆلىگۈچى ئورگان تۆلەم تۆلىگەندىن كېيىن، دۆلەتنىڭ تۆلەم قانۇنىنىڭ 14 - ۋە 24 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە جاۋابكاردىن قىسمەن ياكى بارلىق دۆلەت تۆلەم ھەققىنى تۆلىتىۋېلىشى ھەمدە شۇ دەرىجىلىك مالىيە ئورگىنى ۋە ھۆكۈمەت قانۇنچىلىق ئورگىنىغا ئەنگە ئالدۇرۇشى كېرەك. تۆلىتىۋېلىنغان تۆلەم ھەققى مالىيىدىن ھېسابلاپ (ئالدىن) ئاجرىتىپ بېرىلگەن تۆلەم ھەققى ئىچىدىكىسىدىن بولسا، مالىيىگە تاپشۇرۇلۇشى كېرەك.

دۆلەت ئورگانلىرىدا تۆۋەندىكى قىلمىشلارنىڭ بىرى كۆرۈلسە، بىۋاسىتە جاۋابكار بولغۇچى مەسئۇل خادىمنىڭ ۋە باشقا جاۋابكارلارنىڭ قانۇن جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلگەندىن سىرت، ئىگىلىۋېلىنغان دۆلەت تۆلەم ھەققىنى مالىيە ئورگىنى ئېلىۋالىدۇ:

1) دۆلەت تۆلەم ھەققىنى يالغان مەلۇم قىلغان، كۆپلەپ ئېلىۋالغان، ئالداپ ئېلىۋالغانلار؛

2) دۆلەت تۆلەم ھەققىنى ئىشلىتىۋالغانلار؛

3) دۆلەت تۆلەم ھەققىنى بەلگىلىمە بويىچە تۆلەتمىگەنلەر؛

4) دۆلەت تۆلەم ھەققىنى دۆلەت تۆلەم قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەرگە خىلاپ ھالدا چىقىم قىلغانلار.

**11 - ماددا** قانۇن ئىجراسىنى نازارەت قىلىش

مالىيە ئورگانلىرى دۆلەت تۆلەم ھەققى كەسپىگە بولغان باشقۇرۇش ۋە نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى ئورنىتىشى، مۇكەممەللەشتۈرۈشى ھەمدە ئۇنى قاتتىق ئىجرا قىلىشى، دۆلەت تۆلەم ھەققىنىڭ خام چوتى، ئىشلىتىلىشى، ھېسابلاپ (ئالدىن) ئاجرىتىپ بېرىلىشى، تۆلىتىلىشى ۋە ئېلىنىشى قاتارلىق خىزمەتلەرنى قەرەللىك ياكى قەرەلسىز تەكشۈرۈپ تۇرۇشى ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىشى لازىم.

ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ قانۇنچىلىق ئاپپاراتلىرى دۆلەت تۆلەم قانۇنى ۋە تۆلەم ھەققىنى باشقۇرۇش چارىسىنىڭ ئىجراسىغا [illegible] ئۈنىۋېرسال نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىپ، قانۇنغا خىلاپ ياكى نامۇۋاپىق مەمۇرىي ھەرىكەتلەر ئۈستىدىن شۇ دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ياكى ئالاقىدار تارماقلارغا قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا پىكىر ياكى تەكلىپ بېرىشى كېرەك.

**12 - ماددا** قوللىنىشنى چۈشەندۈرۈش ئورگىنى

بۇ بەلگىلىمىنى قوللىنىش جەريانىدىكى كونكرېت مەسىلىلەرنى ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە تارمىقى چۈشەندۈرىدۇ.

**13 - ماددا** كۈچكە ئىگە ۋاقتى

بۇ بەلگىلىمە ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ نەسىللىك چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى

**شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئېلانى**
**(8 — 45 ـ نومۇرلۇق)**

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ نەسىللىك چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى» 1996-يىل 5 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 8-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 21-يىغىنىدا ماقۇللىنىپ ھازىر ئېلان قىلىندى.

**(1996 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى)**

**1 ـ ماددا** بۇ نىزام چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرى نەسىل بايلىقىنى قوغداش، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ۋە نەسىل يېتىشتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، نەسىللىك چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرى ئىشلەپچىقىرىشى ھەم تىجارىتىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، نەسىللىك چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرى نەسلىنى ياخشىلاشنى تېزلىتىپ، ئاپتونوم رايونىنىڭ چارۋىچىلىقىنى راۋاجلاندۇرۇش مەقسىتىدە، گوۋۇيۈەنىنىڭ «نەسىللىك چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى» ۋە ئالاقىدار قانۇن، نىزاملارغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈپ چىقىلدى.

**2 ـ ماددا** بۇ نىزامدا ئېيتىلغان نەسىللىك چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرى نەسىل قىلىنىدىغان چارۋا، ئۆي قۇشلىرى ۋە ئالاھىدە ئىقتىسادىي ھايۋانات ھەم ئۇلارنىڭ ئىسپېرمىسى، تۆرەلمىسى، تۇخۇمى قاتارلىق ئىرسىيەت ماتېرىياللىرىنى كۆرسىتىدۇ.

**3 ـ ماددا** ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرى نەسىل بايلىقىنى قوغداش، نەسىل يېتىشتۈرۈش، نەسىل ياخشىلاش ۋە نەسىللىك چارۋا، ئۆي قۇشلىرى ئىشلەپچىقىرىشى، تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، نەسىللىك چارۋا، ئۆي قۇشلىرىنى ئىشلىتىدىغان ئورۇن ۋە شەخسلەر گوۋۇيۈەنىنىڭ «نەسىللىك چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى» ۋە بۇ نىزامغا ئەمەل قىلىشى شەرت.

**4 ـ ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى نەسىللىك چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرىنىڭ ياخشى نەسلىنى كۆپەيتىش، كىرگۈزۈش، كېڭەيتىش، ئىشلىتىش ۋە چارۋا، ئۆي قۇشلىرىنىڭ يېڭى نەسلىنى يېتىشتۈرۈشكە ئىلھام بېرىشى لازىم. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالاھىدە ياخشى چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرى نەسلىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىلىدۇ.

**5 ـ ماددا** چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرى نەسىل بايلىقىنى قوغداش، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ۋە چارۋا، ئۆي قۇشلىرى نەسلىنى يېتىشتۈرۈش، ياخشىلاش، تېخنىكا كېڭەيتىش ۋە باشقۇرۇش خىزمەتلىرىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتقان ئورۇن ۋە شەخسلەرنى ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ياكى چارۋىچىلىق مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى تەقدىرلەيدۇ ۋە مۇكاپاتلايدۇ.

**6 ـ ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ چارۋىچىلىق مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى ئۆز مەمۇرىي رايونىنىڭ نەسىللىك چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ. ئاساسلىق مەسئۇلىيىتى:

(1) دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايونىنىڭ نەسىللىك چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرىنى باشقۇرۇشقا دائىر قانۇن، نىزام ۋە سىياسەتلىرىنى ئىجرا

قىلىش؛

(2) ئۆز مەمۇرىي رايونىنىڭ چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرى نەسلىنى رايونلارغا ئايرىش پىلانى ۋە نەسىل ياخشىلاش پىلانىنى تۈزۈش ھەمدە يولغا قويۇشقا تەشكىللەش؛

(3) چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرىنىڭ ياخشى يېڭى نەسلىنى كۆپەيتىش، كېڭەيتىش ۋە نەسىل ياخشىلاش يېڭى تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش ئىشىنى تەشكىللەش؛

(4) نەسىللىك چارۋا، ئۆي قۇشلىرى فېرمىلىرى، نەسىللىك چارۋا پونكىتلىرى، نەسىل ياخشىلاش پونكىتلىرىنى باشقۇرۇش چارىسى ۋە تېخنىكا قائىدىسىنى تۈزۈش؛

(5) باشقۇرۇش ھوقۇق دائىرىسى بويىچە، نەسىللىك چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرىنى سىرتقا چىقىرىش ـ سىرتتىن كىرگۈزۈشنى تەستىقلاش ۋە باشقۇرۇش؛

(6) نەسىللىك چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرى ئىشلەپچىقىرىشى، تىجارىتى ۋە ئۇلارنى ئىشلىتىش پائالىيەتلىرىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش؛

(7) چارۋىچىلىق تېخنىكا خادىملىرىنى تەربىيىلەش، سىناش ۋە ئۇلارغا گۇۋاھنامە بېرىش؛

(8) ئۆتچۇر مۇلازىمىتى قىلىش، نەسىللىك چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرى جەھەتتىكى پەن تەتقىقات، كېڭەيتىش، ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت تارماقلىرىنىڭ خىزمىتىنى ماسلاشتۇرۇش.

يېزىلىق، بازارلىق چارۋىچىلىق ـ مال دوختۇرلۇق ئاپپاراتلىرى ناھىيە دەرىجىلىك چارۋىچىلىق مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى ۋە يېزىلىق، بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە شۇ يېزا، بازار دائىرىسىدىكى نەسىللىك چارۋا، ئۆي قۇشلىرىنى باشقۇرۇش ۋە نەسىل ياخشىلاش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ.

**7 ـ ماددا** شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى ئۆز سىستېمىسىنىڭ نەسىللىك چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ، كەسىپ جەھەتتە ئاپتونوم رايونلۇق چارۋىچىلىق مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقىنىڭ يېتەكچىلىكى ۋە نازارىتىنى قوبۇل قىلىدۇ.

**8 ـ ماددا** ئاپتونوم رايونلۇق چارۋىچىلىق مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى دۆلەت بېكىتكەن قوغدىلىدىغان چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرى بايلىقى تىزىملىكى ۋە چارىسىگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايوننىڭ چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرى نەسىل بايلىقىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئەمەلىي ئېھتىياجىغا بىرلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايوننىڭ قوغدىلىدىغان چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرى نەسىل بايلىقى تىزىملىكى ۋە كونكرېت چارىسىنى تۈزىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق چارۋىچىلىق مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرى نەسىل بايلىقى بويىچە نەسىل قوغداش مەيدانى، رايونى، گېن ئىسكىلاتى ۋە ئۆلچەش پونكىتىنى پىلانلىق قۇرۇپ، يوقىلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان، پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرى نەسلىنى ئالاھىدە قوغدىشى لازىم.

**9 ـ ماددا** ھەر دەرىجىلىك چارۋىچىلىق مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى ۋە پەن ـ تېخنىكا مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى ئاپتونوم رايون چارۋىچىلىقىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا قاراپ، چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرى نەسلىنى يېتىشتۈرۈش ۋە ياخشىلاشقا دائىر پەن ـ تېخنىكا ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى پائال تەشكىللىشى لازىم.

چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرىنىڭ يېڭى نەسلىگە باھالاپ نام بېرىشنى ئاپتونوم رايونلۇق چارۋىچىلىق مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى تەكشۈرۈپ بېكىتىدۇ ۋە تەستىقلايدۇ ھەمدە گوۋۇيۈەننىڭ چارۋىچىلىق مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقىغا ئەنگە ئالدۇرىدۇ.

**10 ـ ماددا** نەسىللىك چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرى ئىشلەپچىقىرىشى ۋە تىجارىتىدە نەسلىنىڭ جايلىشىشىنى رايونلاشتۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىشنى كەسىپلەشتۈرۈش ۋە سۈپىتىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش كېرەك. دۆلەت نەسىللىك چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرى فېرمىلىرى ياخشى باشقۇرۇلىدۇ، كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنىڭ نەسىللىك چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرى فېرمىسى قۇرۇشىغا ياكى نەسىللىك چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرى ئىشلەپچىقىرىشى ھەم تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا ئىلھام بېرىلىدۇ.

نەسىللىك چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرى فېرمىلىرىنى قۇرۇشتا، ئاپتونوم رايوننىڭ چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرىنىڭ ياخشى نەسلىنى كۆپەيتىش سىستېما پىلانىغا ئاساسەن، بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇپ، مۇۋاپىق جايلاشتۇرۇش كېرەك.

دۆلەت نەسىللىك چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرى فېرمىلىرى ياخشى

نەسىل يېتىشتۈرۈش، ياخشى نەسىل بىلەن تەمىنلەش، نەسىل بىلىنلىقىنى قوغداش ۋە ئىلغار تېخنىكىنى كېڭەيتىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك.

**11 - ماددا** نەسىللىك چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرى ئىشلەپچىقىرىشى ھەم تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇن ھەم شەخسلەرنى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى چارۋىچىلىق مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقىدىن «نەسىللىك چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرى ئىشلەپچىقىرىشى ھەم تىجارىتى ئىجازەتنامىسى» ئېلىپ ھەمدە سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورگىنىغا قانۇن بويىچە تىزىملىتىپ، ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەت بىلەن شۇغۇللانسا بولىدۇ.

سېتىلىدىغان نەسىللىك چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرىنىڭ «نەسىللىك چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرى لايىقەتنامىسى» ۋە نەسىللىك چارۋا نەسەبنامىسى بولۇشى كېرەك. نەسىللەندۈرۈشكە ئىشلىتىلىدىغان نەسىللىك ئەركەك چارۋىنىڭ «نەسىللىك ئەركەك چارۋا ئىجازەتنامىسى» بولۇشى لازىم.

**12 - ماددا** نەسىللىك چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرى ئىشلەپچىقىرىشى ھەم تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇن ۋە شەخسلەر بەلگىلەنگەن نەسىل، نەسەب، ئەۋلاد ۋە پايدىلىنىش يىل چەكلىمىسى بويىچە ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىشى؛ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارەت دائىرىسىنى ئۆزگەرتكۈچىلەر ئۆزگەرتىش رەسمىيىتىنى ئۆتىشى شەرت.

**13 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك چارۋىچىلىق مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى ۋە نەسىللىك چارۋا، ئۆي قۇشلىرى فېرمىلىرى نەسىللىك چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرىنى (زاپاس نەسىللىك چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) بانكىرويكىلاش، كېسەللىنى تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، نەسىللىك چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرىنىڭ دۆلەت ئۆلچىمى، كەسىپ ئۆلچىمى ياكى يەرلىك ئۆلچىمى بويىچە قەرەللىك ھالدا قاتتىق بانكىرويكىلاپ ۋە سالامەتلىك تەكشۈرۈپ، ياخشىلىرىنى تاللاپ، ناچارلىرىنى شاللىۋېتىپ، ياخشى نەسىللىك چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرىنىڭ سۈپىتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

چارۋىچىلىق مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى ۋە چارۋىچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش ئاپپاراتلىرى چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرىنى نەسىللەندۈرۈش، نەسىل ياخشىلاش خىزمىتىگە بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرى نەسلىنىڭ ناچارلىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى كېرەك.

**14 - ماددا** چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇن ۋە شەخسلەر ياخشى نەسىللىك چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرىنى پائال كېڭەيتىپ ۋە ئىشلىتىپ، يېڭى ئىسپېرما بىلەن سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش، توڭلىتىلغان ئىسپېرما بىلەن سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش ۋە تۆرەلمە كۆچۈرۈش قاتارلىق ئىلغار تېخنىكىنى قوللىنىپ، چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرى نەسلىنىڭ ياخشىلىنىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك.

يۇقىرىقى خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كەسپىي تېخنىكا خادىملىرى تېخنىكا جەھەتتىكى تەربىيىلەش ۋە سىناقتىن ئۆتۈپ گۇۋاھنامە ئالغاندىن كېيىن، شۇ خىزمەت بىلەن شۇغۇللانسا بولىدۇ.

**15 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك چارۋىچىلىق تېخنىكا كېڭەيتىش ئاپپاراتلىرى، پەن تەتقىقات ئورۇنلىرى ۋە ئالاقىدار مەكتەپلەر نەسىللىك چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرى تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش خىزمىتىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، نەسىللىك چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرىنى كۆپەيتىپ، يېتىشتۈرۈش ۋە كېڭەيتىپ ئىشلىتىش داۋامىدىكى سىناق قىلىش، ئۈلگە كۆرسىتىش، تەربىيىلەش، يېتەكچىلىك قىلىش ۋە مەسلىھەت بېرىش قاتارلىق مۇلازىمەت خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، مۇلازىمەت سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مۇلازىمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئىلغار تېخنىكىنى چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا ئومۇملاشتۇرۇپ قوللىنىشنى تېزلىتىشى لازىم.

**16 - ماددا** نەسىللىك چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرىنى كىرگۈزۈش ئىشى دەرىجە بويىچە باشقۇرۇلىدۇ. چەت ئەلدىن، ئاپتونوم رايون سىرتىدىن نەسىللىك چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرىنى كىرگۈزۈشكە توغرا كەلگەندە، ئاپتونوم رايونلۇق چارۋىچىلىق مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقىنىڭ بىر تۇتاش تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكۈزۈپ، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرى بويىچە رەسمىيەت ئۆتكەندىن كېيىن كىرگۈزۈشكە بولىدۇ.

ئاپتونوم رايون تەۋەسىگە كىرگۈزۈلىدىغان نەسىللىك چارۋا ۋە

ئۆي قۇشلىرىنى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ كارانتىن ئاپپاراتى ياكى ئۇلار ھاۋالە قىلغان كارانتىن ئاپپاراتى ئايرىپ تەكشۈرىدۇ. كېسىلى بار نەسىللىك چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرىنى كىرگۈزۈش قاتتىق مەنئى قىلىنىدۇ.

نەسىللىك چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرىنى كىرگۈزگەنلەر بەلگىلىمە بويىچە دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ باجدا ئېتىبار بېرىش سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولىدۇ.

**17 - ماددا** دۆلەت نەسىللىك چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرى فېرمىلىرى چەت ئەلدىن، ئاپتونوم رايون سىرتىدىن كىرگۈزۈلگەن نەسىللىك چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ياكى شاللىۋېتىشتە، باشقۇرۇش ھوقۇق دائىرىسى بويىچە ئوبلاست، ۋىلايەت (شەھەر) دىن يۇقىرى چارۋىچىلىق مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقىغا تەستىقلىتىشى كېرەك.

**18 - ماددا** چارۋىچىلىق مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى تۆۋەندىكى قىلمىشلارنىڭ بىرىنى سادىر قىلغانلارنى تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ، ئۇلارنىڭ قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتىنى مۇسادىرە قىلسا ھەمدە ئۇلارغا قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتىنىڭ 2 ھەسسىدىن تۆۋەن جەرىمانە قويسا بولىدۇ:

(1) «نەسىللىك چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرى ئىشلەپچىقىرىشى ھەم تىجارىتى ئىجازەتنامىسى» نى ئالماي تۇرۇپ، نەسىللىك چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرى ئىشلەپچىقىرىشى ھەم تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغانلار؛

(2) نەسىللىك چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرى ئىشلەپچىقىرىشى ھەم تىجارىتىدە بەلگىلەنگەن نەسىل نەسەب، ئەۋلاد ۋە پايدىلىنىش يىل چەكلىمىسىگە ئەمەل قىلمىغانلار؛

(3) باھالاش ھەم تەستىقلاش رەسمىيىتى مۇشۇ نىزام بويىچە بېجىرىلمىگەن چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرى نەسلىنى كېڭەيتكەنلەر؛

(4) «نەسىللىك چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرى لاياقەتنامىسى»، نەسىللىك چارۋا نەسەبنامىسى بولمىغان نەسىللىك چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرىنى ساتقانلار.

ئالدىنقى تارماقنىڭ 2 -، 4 - تارماقچىلىرىدىكى قىلمىشلارنىڭ بىرىنى سادىر قىلغانلاردىن قىلمىشى ئېغىر بولغانلارنىڭ «نەسىللىك چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرى ئىشلەپچىقىرىشى ھەم تىجارىتى ئىجازەتنامىسى» بىكار قىلىنسا بولىدۇ.

**19 - ماددا** سوپەت ئۆلچىمىگە توشمايدىغان نەسىللىك چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرىنى ساتقانلار ياكى سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش قانۇن - نىزاملىرىغا خىلاپ باشقا قىلمىشلارنى سادىر قىلغانلارنى سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورگانلىرى قانۇن بويىچە جازالايدۇ.

**20 - ماددا** نەسىللىك چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرىنى باشقۇرغۇچىلار ۋە باشقا ئالاقىدار خادىملاردىن خىزمەتتە بىپەرۋالىق قىلغان، خىزمەت ھوقۇقىدىن كەلسە - كەلمەس پايدىلانغان، نەپسانىيەتچىلىك قىلغانلىرىغا ئۇلار تۇرۇشلۇق ئورۇن ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك مەسئۇل تارماق مەمۇرىي چارە كۆرىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۇرگەنلىرىنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

**21 - ماددا** ئالاقىدار تەرەپلەردىن مەمۇرىي جازا قارارىغا قايىل بولمىغانلار مۇناسىۋەتلىك قانۇن، نىزاملار بويىچە قايتا قاراپ چىقىشنى ئىلتىماس قىلىشقا ياكى دەۋا قىلىشقا ھوقۇقلۇق. ئالاقىدار تەرەپلەر قايتا قاراپ چىقىشنى ئىلتىماس قىلمىسا، دەۋا قىلمىسا، جازا قارارىنىمۇ ئىجرا قىلمىسا، جازا قارارىنى چىقارغان ئورگان خەلق سوت مەھكىمىسىگە مەجبۇرىي ئىجرا قىلدۇرۇپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ.

**22 - ماددا** بۇ نىزامنى كونكرېت تەتبىقلاش جەريانىدىكى مەسىلىلەرنى ئاپتونوم رايونلۇق چارۋىچىلىق مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى چۈشەندۈرىدۇ.

**23 - ماددا** بۇ نىزام ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

# 1995 - يىلى زىياننى تۆگىتىپ پايدىنى ئاشۇرغان ئىلغار ئورۇنلارنى تەقدىرلەش توغرىسىدا قارار

**ش ھ ئ ن ھ [1996] 22 - نومۇرلۇق 1996 - يىل 3 - ئاينىڭ 7 - كۈنى**

ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتىگە، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىگە، مەمۇرىي مەھكىمىلەرگە، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تارماقلىرى ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق ئاپپاراتلىرىغا:

1995 - يىلى، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنى ۋە كارخانىلار خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش مەركەز قىلىنىپ، زىياننى تۆگىتىپ پايدىنى ئاشۇرۇش خىزمىتى چىڭ تۇتۇلۇپ، ئاپتونوم رايونىمىز خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئۇدا، تېز، ساغلام راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىنىپ، زىياننى تۆگىتىپ پايدىنى ئاشۇرۇش بويىچە بىر تۈركۈم ئىلغار ئورۇنلار بارلىققا كەلدى. زىياننى تۆگىتىپ پايدىنى ئاشۇرۇش خىزمىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ئىقتىسادىي ھەرىكەتنىڭ سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئاپتونوم رايون چۈشۈرگەن زىياننى تۆگىتىپ پايدىنى ئاشۇرۇش نىشان ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئورۇندىغان سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى، ئۈرۈمچى شەھىرى، ئاپتونوم رايونلۇق خىمىيە سانائىتى نازارىتى قاتارلىق 7 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، تارماقنى تەقدىرلەشنى ھەمدە ھەر بىر ئورۇنغا 10 مىڭ يۈەن مۇكاپات پۇلى بېرىشنى؛ زىياننى تۆگىتىپ پايدىنى ئاشۇرۇشتا ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولغان شىنجاڭ ئۆكتەبىر تراكتور زاۋۇتى، ئىلى ۋىلايەتلىك ئاپتوموبىل ترانسپورت شىركىتى، قەشقەر ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتى قاتارلىق 28 كارخانىنى تەقدىرلەشنى ھەمدە ئۇلارغا 50 مىڭ يۈەندىن 100 مىڭ يۈەنگىچە مۇكاپات پۇلى بېرىشنى قارار قىلدى.

تەقدىرلەنگەن ۋىلايەت، تارماقلار ۋە كارخانىلارنىڭ مەغرۇرلۇق ۋە ئالدىراقسانلىقتىن ساقلىنىپ، نەتىجىلەرنى جارى قىلدۇرۇپ، شەرەپلىك نامىنى ساقلاپ، تېخىمۇ ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىشنى ئۈمىد قىلىمىز. جايلار، تارماقلار، كارخانىلار مۇشۇ ئىلغار ئورۇنلاردىن ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈشنى مەركەز قىلىش ئىدىيىسىنى مەھكەم تىكلەپ، كارخانا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىچكى قىسمىدىكى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، زىياننى تۆگىتىپ پايدىنى ئاشۇرۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ھەقىقىي تۈردە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، زىياننى تۆگىتىپ پايدىنى ئاشۇرۇش خىزمىتىنىڭ سالمىقىنى زورايتىپ، ئىقتىسادىي يۈكسىلىش ئۇسۇلىنىڭ ئۆزگىرىشىنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇپ، 1996 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ زىياننى تۆگىتىپ پايدىنى ئاشۇرۇش نىشان ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنداپ، ئاپتونوم رايونىمىز خەلق ئىگىلىكىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشى لازىم.

1995 - يىلى زىياننى تۆگىتىپ پايدىنى ئاشۇرغان ئىلغار ئورۇنلارنىڭ ئىسىملىكى قوشۇمچە قىلىندى.

ھۆججەت قوشۇمچىسى:

## 1995 - يىلى زىياننى تۆگىتىپ پايدىنى ئاشۇرغان ئىلغار ئورۇنلارنىڭ ئىسىملىكى

سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى
ئۈرۈمچى شەھىرى
قۇمۇل ۋىلايىتى
تۇرپان ۋىلايىتى
تارباغاتاي ۋىلايىتى
ئاپتونوم رايونلۇق خىمىيە سانائىتى نازارىتى
دورا باشقۇرۇش ئىدارىسى
شىنجاڭ جۇڭخې جەڭلىك پاي شىركىتى
شىنجاڭ كومبايىن زاۋۇتى
شىنجاڭ ئۆكتەبىر تراكتور زاۋۇتى
شىنجاڭ ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى زاۋۇتى
سانجى ئوبلاستلىق پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى
شىنجاڭ تيەنشان خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى
شىنجاڭ پەنەركە زاۋۇتى
غۇلجا شەھەرلىك قەغەز زاۋۇتى
ئىلى ۋىلايەتلىك ئاپتوموبىل ترانسپورت شىركىتى
شىخو پىۋا زاۋۇتى
ئالتاي ۋىلايەتلىك كۆن - خۇرum گۆرۈھى شىركىتى

ئالتاي ۋىلايەتلىك خۇنيۈي شىركىتى
بورتالا شەھەرلىك سۈلياۋ بۇيۇملىرى باش زاۋۇتى
قۇمۇل شەھەرلىك خىمىيە سانائىتى كىسىپىي بىلەش شىركىتى
تۇرپان ۋىلايەتلىك ئېيىنەك زاۋۇتى
شىنجاڭ باغراش قەغەز زاۋۇتى
بايىنغولىن ئوبلاستلىق 1 - قەغەز زاۋۇتى
شىنجاڭ 5 - ئاپتوموبىل ترانسپورت شىركىتى
قەشقەر ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتى
خوتەن ۋىلايەتلىك دۆڭۋا سېمونت زاۋۇتى
شىنجاڭ دورا زاۋۇتى
شىنجاڭ دورا ماتېرىياللىرى شىركىتى
شىنجاڭ تۇز كۆل خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى
شىنجاڭ تيەنشان سۈلياۋ زاۋۇتى
شىنجاڭ ئۈرگانىك خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى
شىنجاڭ قورولۇش خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى
شىنجاڭ سۇچىلىق نازارىتى باسما زاۋۇتى
شىنجاڭ ئالمە - توقۇلما زاۋۇتى

# ئاپتونوم رايونلۇق سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئەسلىدىكى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركەتلىرى ۋە پاي چەكلىك شىركەتلىرىنى قايتىدىن تىزىملاش پىكرىنى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش

**ش ھ ب 〔1996〕 51 ـ نومۇرلۇق 1996 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى**

ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتىگە، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك، ناھىيە (شەھەر) لىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىگە، مەمۇرىي مەھكىمىلەرگە، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تارماقلىرىغا ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق ئاپپاراتلىرىغا:

ئاپتونوم رايونلۇق سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ «ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئەسلىدىكى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركەتلىرى ۋە پاي چەكلىك شىركەتلىرىنى قايتىدىن تىزىملاش پىكرى» گە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى قوشۇلدى، بۇنى سىلەرگە تارقاتتۇق، شۇ بويىچە ئىجرا قىلىشىڭلارنى سورايمىز.

## ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئەسلىدىكى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركەتلىرى ۋە پاي چەكلىك شىركەتلىرىنى قايتىدىن تىزىملاش پىكرى

ئاپتونوم رايونلۇق سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى

1996 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى

گوۋۇيۈەننىڭ «ئەسلىدىكى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركەتلىرى ۋە پاي چەكلىك شىركەتلىرىنى ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ شىركەت قانۇنى› بويىچە قېلىپلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» (گ 〔1995〕 17 ـ نومۇرلۇق) ۋە دۆلەت سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ «‹ئەسلىدىكى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركەتلىرى ۋە پاي چەكلىك شىركەتلىرىنى قايتىدىن تىزىملاش پىكرى› نى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» (س س ك 〔1995〕 21 ـ نومۇرلۇق) نىڭ روھىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەسلىدىكى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركەتلىرى ۋە پاي چەكلىك شىركەتلىرىنى قايتىدىن تىزىملاش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدۇق:

1. قايتىدىن تىزىملاش دائىرىسى

1994 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىدىن بۇرۇن گوۋۇيۈەن ئېلان قىلغان «چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش پىكرى»، «پاي چەكلىك شىركىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش پىكرى» ۋە يەرلىك نىزاملارغا

ئاساسەن تىزىمغا ئالدۇرۇلغان پاي چەكلىك شىركىتى ۋە چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ ئەسلىدىكى شىركەت دەپ ئاتىلىدۇ) ھەمدە يۇقىرىقى نىزاملارغا ئاساسەن تەسىس قىلىنغان، لېكىن «پاي چەكلىك» شىركىتى، «چەكلىك مەسئۇلىيەت» شىركىتى دېگەن نامى بولمىغان، يۇقىرىقى شىركەتلەر مەبلەغ سېلىپ قۇرغان تولۇق مەبلەغلىك بالا شىركەتلەر.

2. قايتا تىزىملاش ۋاقتى

قايتا تىزىملاش ۋاقتى 1996 - يىل 11 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە بولىدۇ.

3. قايتا تىزىملاش تەرتىپى

1) ئەسلىدىكى شىركەتلەر قايتىدىن تىزىمغا ئالدۇرۇشنى ئىلتىماس قىلىشتىن بۇرۇن «شىركەت قانۇنى» دىكى بەلگىلىمە بويىچە ئۆز - ئۆزىنى قېلىپلاشتۇرىدۇ ھەم 1996 - يىل 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن بۇرۇن ئۆز - ئۆزىنى قېلىپلاشتۇرۇش دەسلەپكى لايىھىسىنى ئەسلى تىزىملىغان ئورگانغا تاپشۇرىدۇ. پاي شىركىتى ئۆز - ئۆزىنى قېلىپلاشتۇرۇش ماتېرىيالىنى ش ت ئى [1996] 006 - نومۇرلۇق ھۆججەتنىڭ تەلىپى بويىچە ئاپتونوم رايونلۇق ئاكسىيە كەسپىنى نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇش ئىشخانىسىغا يوللايدۇ. گوۋۇيۈەن ئاكسىيە باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن پايلىرى بازارغا سېلىنغان ئەسلىدىكى پاي چەكلىك شىركەتلىرى شىركەتلەرنى تىزىملاش ئورگىنىغا قايتىدىن تىزىمغا ئالدۇرۇشنى بىۋاسىتە ئىلتىماس قىلسا ھەم ئالاقىدار ماتېرىياللارنى ئاپتونوم رايونلۇق ئاكسىيە باشقۇرۇش ئىشخانىسىغا ئەنگە ئالدۇرسا بولىدۇ.

2) ئەسلىدىكى شىركەتلەر ئۆز - ئۆزىنى قېلىپلاشتۇرۇش ئاساسىدا، «شىركەتلەرنى تىزىملاشنى باشقۇرۇش نىزامى» دىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە ئەسلى تىزىملىغان ئورگانغا قايتىدىن تىزىملىتىشنى ئىلتىماس قىلىدۇ.

قايتا تىزىمغا ئالدۇرغان ۋاقىتتا، چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى شىركەتلەرنى تىزىملاش ئورگىنىغا تۆۋەندىكىدەك ھۆججەتلەرنى تاپشۇرۇشى كېرەك: 1) بارلىق پايچىكلارنىڭ شىركەتنى قايتا تىزىمغا ئالدۇرۇش ئىمزاسى قويۇلغان قارارنامە ھەمدە «شىركەت قانۇنى» دىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن نىزامنامە؛ 2) مەبلەغ تەكشۈرگەنلىك ئىسپاتى؛ 3) «شىركەتلەرنى تىزىملاشنى باشقۇرۇش نىزامى» دىكى بەلگىلىمىدە كۆرسىتىلگەن تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك بولغان باشقا ھۆججەتلەر. پاي چەكلىك شىركىتى تۆۋەندىكىدەك ھۆججەتلەرنى تاپشۇرۇشى كېرەك: 1) شىركەت قۇرغۇچىلار ئورتاق ئىمزا قويغان قايتا تىزىمغا ئالدۇرۇش ئىلتىماسى؛ 2) ئاپتونوم رايونلۇق ئاكسىيە باشقۇرۇش كومىتېتى تەستىقلىغان قايتا تىزىمغا ئالدۇرۇش ھۆججىتى؛ 3) قايتا تىزىمغا ئالدۇرۇشنى ئىلتىماس قىلىشقا ئالاقىدار ئىشلار توغرىسىدىكى پايچىكلار يىغىنىنىڭ خاتىرىسى؛ 4) مەبلەغ تەكشۈرگەنلىك ئىسپاتى؛ 5) «شىركەتلەرنى تىزىملاشنى باشقۇرۇش نىزامى» دىكى بەلگىلىمىدە تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك بولغان باشقا ھۆججەتلەر.

3) شىركەتلەرنى تىزىملاش ئورگىنى «شىركەت قانۇنى» ھەمدە «شىركەتلەرنى تىزىملاشنى باشقۇرۇش نىزامى» بويىچە ئەسلىدىكى شىركەتلەرنىڭ قايتا تىزىمغا ئالدۇرۇش ئىلتىماسىنى تەكشۈرۈپ، شىركەتلەرنى تىزىمغا ئالدۇرۇش شەرتىگە ئۇيغۇن بولغانلىرىنى قايتا تىزىمغا ئالىدۇ ھەمدە يېڭى نۇسخىدىكى شىركەت تىجارەت كىنىشكىسىنى تارقىتىپ بېرىدۇ. شىركەتلەرنى تىزىمغا ئالدۇرۇش شەرتىگە ئۇيغۇن بولمىغانلارغا يەنىلا ئەسلىدىكى تىزىملىغان ئورگان كونا نۇسخىدىكى تىجارەت كىنىشكىسىنى تارقىتىپ بېرىدۇ. نامىنى «پاي چەكلىك شىركىتى ياكى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى» دەپ ئاتاشقا بولمايدۇ.

4) قايتا تىزىمغا ئالدۇرغاندىن كېيىن، پاي چەكلىك شىركىتى ۋە چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى تىزىمغا ئېلىش ئورگىنى بەلگىلىگەن گېزىت - ژۇرناللاردا قايتا تىزىمغا ئالدۇرغانلىق ئېلانىنى ئېلان قىلىدۇ. ئېلان شىركەتلەرنى تىزىملىغۇچى ئورگان تەكشۈرگەندىن كېيىن چىقىرىلىدۇ.

4. قايتا تىزىمغا ئالدۇرۇشنى باشقۇرۇش دائىرىسى

ئاپتونوم رايونلۇق سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى پاي چەكلىك شىركىتىنى قايتا

تىزىملاشقا مەسئۇل بولىدۇ، باشقا ھەر دەرىجىلىك سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىلىرى ئايرىپ بېرىلگەن ھوقۇقى بويىچە چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنى قايتا تىزىملاشقا مەسئۇل بولىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى ھوقۇق بەرگەن قاراشلىق ئورگانلار ئۆز تەۋەسىدىكى ئەسلىدىكى پاي چەكلىك شىركەتلىرىنى قايتا تىزىمغا ئالىدۇ.

5. باشقا مەسىلىلەر

1) گوۋۇيۈەننىڭ 2 «قېلىپلاشتۇرۇش پىكرى» بويىچە تەستىق قىلىنغان ھەمدە ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ تەستىقى ئارقىلىق ئىچكى قىسىمدا پاي ھوقۇقى كىنىشكىسى تارقاتقان پاي چەكلىك شىركەتلىرى، قايتا تىزىمغا ئالدۇرغان ۋاقىتتا، تىزىمغا ئېلىش ۋاقتىنى شۇ ۋاقىتتىكى ئەمەلىي تىجارەت باشلىغان ۋە تىجارەتنى يولغا قويغان ۋاقىتقا ئۆزگەرتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلسا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ياكى ھۆكۈمەت ھوقۇق بەرگەن تارماقلار تەستىقلىغاندىن كېيىن، تىزىمغا ئېلىش ئورگىنى تىزىمغا ئالدۇرغانلىق ۋاقتىنى ئۆزگەرتىپ بېرىدۇ.

2) ئەسلىدىكى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ پايچىكلىرىنىڭ سانى قانۇندا بەلگىلەنگەن ئادەم سانىغا يەتمىسە، ئۇنى تولۇقلاش كېرەك. ئەسلىدىكى پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ شىركەت قۇرغۇچىلىرىنىڭ سانىنى قايتا كۆپەيتىشكە بولمايدۇ. ئەگەر ئەسلىدىكى شىركەتنىڭ پايچىكلىرى ئىشچى - خىزمەتچىلەر پايچىكلار يىغىنى نامى بىلەن تولۇقلانغان بولسا، ئاپتونوم رايونلۇق ئاكسىيە كەسپىنى نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇش ئىشخانىسى، جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسى ئۇلارنىڭ سالاھىيىتىنى ئېتىراپ قىلىدۇ ھەم تىزىمغا ئالغانلىق كىنىشكىسىنى تارقىتىپ بېرىدۇ. ئەگەر ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار پايچىك بولسا، شىركەتنى قايتا تىزىمغا ئالدۇرۇشنى ئىلتىماس قىلغاندا، شىركەتلەرنى تىزىملاش ئورگىنىغا ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنى تىزىملاش كىنىشكىسىنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىنى تاپشۇرۇش كېرەك.

3) ئەسلىدىكى شىركەتلەر تىزىمدىن ئۆچۈرۈشنى ئىلتىماس قىلسا، «شىركەت قانۇنى» ۋە «شىركەتلەرنى تىزىملاشنى باشقۇرۇش نىزامى» دا بەلگىلەنگەن تەرتىپ ۋە چارە بويىچە بېجىرىلىدۇ.

4) ئەسلىدىكى شىركەتلەر گوۋۇيۈەن ھۆججىتىدىكى بەلگىلىمىلەر ۋە مۇشۇ يولغا قويۇش پىكرىگە ئاساسەن، قانۇن بويىچە قايتا تىزىمغا ئالدۇرمىسا، شىركەتلەرنى تىزىملىغۇچى ئورگان «شىركەتلەرنى تىزىملاشنى باشقۇرۇش نىزامى» نىڭ 72 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە جازاغا تارتىدۇ ھەمدە بەلگىلىك مۇددەت ئىچىدە قايتا تىزىمغا ئالدۇرۇشقا بۇيرۇق قىلىدۇ، شىركەتنىڭ «چەكلىك شىركەت» ياكى «پاي چەكلىك شىركىتى» دېگەن نامىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ، ۋاقتى ئۆتۈپ يەنىلا تىزىملاتمىسا، ئۇلارنىڭ تىجارەت كىنىشكىسىنى كۈچىدىن قالدۇرىدۇ. تەكشۈرۈشتە تىزىملىتىش شەرتىنى ھازىرلىمىغانلارنى تىزىملىكتىن ئۆچۈرۈۋېتىدۇ.

6. شۆبە شىركەتلەرنى قايتا تىزىملاش

شۆبە شىركەتلەرنى قايتا تىزىملاش باش شىركەتلەرنى قايتا تىزىملاش بىلەن بىرگە ئېلىپ بېرىلىدۇ. شۆبە شىركەتلەرنىڭ تەسىس قىلىنىش شەرتى ھەمدە تەرتىپىدە «شىركەتلەرنى تىزىملاشنى باشقۇرۇش نىزامى» ئىجرا قىلىنىدۇ. ئەسلى بار شىركەتلەرنىڭ باشقا جايدا تەسىس قىلغان شۆبە - تارماق ئاپپاراتلىرىنى باش شىركەت ياكى ئانا شىركەتنى قايتا تىزىملاپ بولغاندىن كېيىن تىزىملاش لازىم. شۆبە شىركەتلەرنىڭ نامى «كارخانا نامىنى تىزىملاش ئىشىنى باشقۇرۇش بەلگىلىمىسى» ۋە «دۆلەت سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ شىركەتلەرنى تىزىملاشنى باشقۇرۇش نىزامى› نى يولغا قويۇشقا دائىر بىر قانچە مەسىلە ھەققىدىكى پىكرى» دىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە ئۇيغۇن كېلىشى لازىم.

7. ئەسلىدىكى شىركەتلەرنى قايتا تىزىمغا ئالدۇرۇش ھەققى گوۋۇيۈەننىڭ 〔1995〕 17 - نومۇرلۇق ھۆججىتىدىكى ئۆلچەم بويىچە ئېلىنىدۇ. جايلاردا ھەق ئېلىش تۈرلىرىنى كۆپەيتىۋېتىمەسلىكى ۋە ھەق ئېلىش ئۆلچىمىنى ئاشۇرماسلىقى لازىم.

# تاماكا مونوپول تىجارىتى بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، تاماكا بازىرىنى ئۈنۈۋېرسال تۈزەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش

**ش ھ ب 〔1996〕 34 - نومۇرلۇق 1996 - يىل 3 - ئاينىڭ 20 - كۈنى**

ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتىگە، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك، ناھىيىلىك (شەھەرلىك) خەلق ھۆكۈمەتلىرىگە، مەمۇرىي مەھكىمىلەرگە، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تارماقلىرىغا ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق ئاپپاراتلىرىغا:

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تاماكا مونوپول تىجارىتى بويىچە باشقۇرۇش خىزمىتى ياخشى ئىشلىنىپ، بازار تەسناتىنى ياخشىلاش، مالىيە كىرىمىنى ئاشۇرۇش جەھەتتە پائال تۆھپە قوشۇلدى. لېكىن ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تاماكا بازىرىدا، كۆۋاھنامىسىز ھالدا تاماكا يۆتكەش، توپ سېتىش، تىجارەت قىلىش، ماركىسى ساختا تاماكىلارنى سېتىش ۋە تاماكا ئەتكەسچىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىش مەسىلىسى ساقلانماقتا. بەزى جايلار ۋە تارماقلارنىڭ دۆلەتنىڭ تاماكا مونوپول تىجارىتى تۈزۈمىگە بولغان تونۇشى يېتەرلىك بولماي، ئېچىۋېتىش ۋە جانلاندۇرۇشنى باھانە قىلىپ، تاماكا تىجارىتىنى قويۇۋەتكەچكە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بەزى جايلىرىدىكى تاماكا مونوپول تىجارىتى باشقۇرغىلى بولمايدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. باج ۋە پايدا ئېغىر دەرىجىدە قولدىن كەتمەكتە. تاماكا مونوپول تىجارىتى بويىچە باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تاماكا ئوبوروتى تەرتىپىنى ياخشىلاش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تاماكا بازىرىنى ئۈنۈۋېرسال تۈزەپ، تاماكا مونوپول تىجارىتى تۈزۈمى ئاساسىدىكى تاماكا بازىرى سىستېمىسىنى تەدرىجىي بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشنى قارار قىلدى، ھازىر ئالاقىدار ئىشلارنى تۆۋەندىكىچە ئۇقتۇرىمىز:

1. ئاپتونوم رايونلۇق تاماكا بازىرىنى ئۈنۈۋېرسال تۈزەش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلىدۇ، گۇرۇپپا باشلىقلىقىنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى بەي پىڭجى ئۈستىگە ئالىدۇ، مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقلىقىنى ئاپتونوم رايونلۇق تاماكا مونوپول تىجارىتى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى يۈسۈپ غوپۇر ۋە ئاپتونوم رايونلۇق سودا- سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى چېن شىڭلار ئايرىم - ئايرىم ئۈستىگە ئالىدۇ، گۇرۇپپا ئەزالىرى ئاپتونوم رايونلۇق تاماكا مونوپول تىجارىتى ئىدارىسى، سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى، جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى، تەپتىش مەھكىمىسى، قاتناش نازارىتى، ئىقتىساد كومىتېتى، پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى، تۆلچەملەشتۈرۈش ئىدارىسى، باج ئىدارىسى، چېگرا مۇداپىئەسى ئىدارىسى، ساختا، ناچار تاۋارلارنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە سېتىشقا زەربە بېرىش ئىشخانىسى، ئۈرۈمچى تاموژنىسى، تۆمۈر يول ئىدارىسى ۋە خەلق ئاۋىئاتسىيە ئىدارىسى قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىدىن تەشكىل تاپىدۇ (گۇرۇپپا ئەزالىرىنىڭ ئىسىملىكى قوشۇمچە بېرىلدى). رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قارىمىقىدا ئىشخانا تەسىس قىلىنىدۇ، ئىشخانىنىڭ ئورنى ئاپتونوم رايونلۇق تاماكا مونوپول تىجارىتى ئىدارىسىدە بولىدۇ، يولداش يۈسۈپ غوپۇر ئىشخانا مۇدىرلىقىنى قوشۇمچە ئۆتەيدۇ.

2. ئاپتونوم رايونلۇق تاماكا مونوپول تىجارىتى ئىدارىسى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تاماكا مونوپول تىجارىتى بويىچە مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى بولۇپ، ئاپتونوم رايون تەۋەسىدىكى تاماكا ئىشلەپچىقىرىش، تاماكا تىجارىتى ۋە تاماكا ئىمپورت - ئېكسپورت ھەرىكىتىنى قانۇن بويىچە باشقۇرىدۇ. ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى ھەر قانداق ئورگان، ئورۇن، تەشكىلات ۋە شەخسلەرنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق تاماكا مونوپول تىجارىتى مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىنىڭ تەستىقىنى ئالماي ياكى قانۇن بويىچە تاماكا مونوپول تىجارىتى ئىجازەتنامىسى ئالماي تۇرۇپ، تاماكا مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشقا، ئېلىپ - سېتىشقا ۋە تاماكا ئىمپورت - ئېكسپورت كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىشقا يول قويۇلمايدۇ.

سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى تاماكا تىجارىتى بىلەن ئاساسلىق ياكى قوشۇمچە شۇغۇللىنىش كىنىشكىسىنى تەكشۈرۈپ تارقاتقاندا ئاۋۋال تاماكا مونوپول تىجارىتى مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىنىڭ پىكرىنى يازدۇرۇش لازىم، تاماكا مونوپول تىجارىتى مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىنىڭ پىكرى يېزىلماي تۇرۇپ، تىجارەت كىنىشكىسىگە تاماكا مەھسۇلاتلىرى تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىش مەزمۇنىنى بېكىتىشكە رۇخسەت قىلىنمايدۇ.

3. تاماكا مەھسۇلاتلىرىنى توشۇشتا دۆلەتلىك ياكى ئاپتونوم رايونلۇق تاماكا مونوپول تىجارىتى مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى تارقاتقان توشۇشقا رۇخسەت قىلىش گۇۋاھنامىسى بولۇشى كېرەك. تاماكا مەھسۇلاتلىرىنى توشۇشقا رۇخسەت قىلىش گۇۋاھنامىسى بولمىغانلار «تاماكا مونوپول تىجارىتى بويىچە مەمۇرىي جازالاش بەلگىلىمىسى» ياكى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تاماكا مەھسۇلاتلىرىنى توشۇشقا رۇخسەت قىلىش گۇۋاھنامىسىنى ئىشلىتىش ۋە باشقۇرۇش بەلگىلىمىسى» بويىچە جازالىنىدۇ؛ توشۇشقا رۇخسەت قىلىش گۇۋاھنامىسى يوق تۇرۇپ ئەتكەس تاماكا توشىغانلار دۆلەتلىك 4 تارماقنىڭ ئەتكەسچىلىككە زەربە بېرىش توغرىسىدىكى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇشىدىكى بەلگىلىمە بويىچە جازالىنىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى قۇمۇل ۋە چاقىلىق ئىقتىسادىي تەكشۈرۈش پونكىتلىرىنىڭ تەكشۈرۈش دائىرىسىگە تاماكا مونوپول تىجارىتى بويىچە تەكشۈرۈش مەزمۇنىنى قوشۇشقا قوشۇلدى، ئۇنىڭ كونكرېت تەكشۈرۈش ئىشلىرىنى تاماكا مونوپول تىجارىتى ئىدارىسى سودا- سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بېكىتىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق تاماكا مونوپول تىجارىتى مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى پاش قىلىنغان ئەھۋالغا ئاساسەن، يوللاردا ۋاقىتلىق كۆچمە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارسا بولىدۇ، لېكىن قانۇنغا قاتتىق ئەمەل قىلغان ھالدا ئىش بېجىرىشى ھەمدە مۇناسىۋەتلىك گۇۋاھنامىلەرنى كۆرسىتىشى كېرەك.

4. سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش، تۆمۈريول، قاتناش، خەلق ئاۋىئاتسىيىسى، پوچتا، تاموژنا، چېگرا مۇداپىئەسى، باج ۋە سوپەت نازارەتچىلىكى تارماقلىرى تاماكا مەھسۇلاتلىرىنى توشۇش ۋە شەخسلەرنىڭ تاماكا ئېلىپ يۈرۈش، پوچتىدىن ئەۋەتىش ئىشلىرىنى ۋە ئەتكەس تاماكىلارنى تەكشۈرۈش ئىشىنى كۈچەيتىشى؛ جامائەت خەۋپسىزلىكى ۋە تەپتىش تارماقلىرى تاماكا مونوپول تىجارىتىنى باشقۇرۇش خىزمىتىگە پائال ياردەملىشىشى لازىم. مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلغۇچى تارماقلار «تاماكا مونوپول تىجارىتى قانۇنى»غا خىلاپ قىلمىشلارنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلسا بولىدۇ. تەكشۈرۈپ قولغا چۈشۈرۈلگەن تاماكا مەھسۇلاتلىرىنى ئاپتونوم رايونلۇق تاماكا مونوپول تىجارىتى مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى كۆرسەتكەن جايلاردىكى تاماكا شىركەتلىرى بىر تۇتاش سېتىۋالىدۇ، ساختا تاماكىلار بەلگىلىمە بويىچە يىغىپ كۆيدۈرۈلىدۇ.

5. تاماكا توپ سېتىش بازىرى قۇرۇشتا، دۆلەتلىك ياكى ئاپتونوم رايونلۇق تاماكا مونوپول تىجارىتى مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىنىڭ تەستىقىنى ئېلىش لازىم، تەستىقسىز قۇرۇلغان تاماكا توپ سېتىش بازارلىرىنى دەرھال ئەمەلدىن قالدۇرۇش كېرەك. باشقا تۈرلۈك توپ سېتىش بازارلىرىدىكى تاماكا تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار پارچە سېتىش كەسپى بىلەنلا شۇغۇللىنىشى ھەمدە مال كىرگۈزۈش يولىغا قاتتىق دىققەت قىلىشى كېرەك. گۇۋاھنامىسى يوق تۇرۇپ تاماكىلارنى توپ ساتقان، گۇۋاھنامىسىز تىجارەت قىلغان، ماركىسى ساختا تاماكا ۋە ئەتكەس تاماكا ساتقان شۇنىڭدەك بەلگىلەنگەن يوللار بىلەن مال كىرگۈزمىگەنلەردىن قانچىسى بايقالسا شۇنچىنى بىر تەرەپ قىلىش كېرەك، قىلمىشى ئېغىر بولغانلارنىڭ مونوپول تىجارەت ئىجازەتنامىسى ۋە تىجارەت كىنىشكىسىنى ئەسلى تارقاتقان ئورگان قانۇن بويىچە تارتىۋالىدۇ.

6. ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى تاماكىنى ھاۋالە بىلەن توپ ساتىدىغان كارخانىلار ھاۋالىنامىدە كۆرسىتىلگەن دائىرە ئىچىدە مال كىرگۈزۈشى (تەمىنلىشى) لازىم؛ تاماكىنى پارچە ساتىدىغانلار (دۆلەت ئىلكىدىكىلەر، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكىلەر ۋە يەككە تىجارەتچىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) تاماكا مونوپول تىجارىتى ئىجازەتنامىسى تارقاتقان ئورگاننىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش دائىرىسىدە شۇ جايدىكى ياكى ئۆزىگە يېقىن جايدىكى تاماكىنى توپ سېتىش نۇقتىسىدىن بىرنى ياكى بىر قانچىنى تاللاپ مال كىرگۈزۈش كېرەك. تاماكىنى توپ سېتىش ۋە پارچە سېتىش ئىجازەتنامىسى يىللىق تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. يىللىق تەكشۈرۈشنى ۋاقتىدا قىلدۇرمىغانلار كىنىشكىسىز توپ ساتقان ۋە كىنىشكىسىز تىجارەت قىلغانلار قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

7. ئاپتونوم رايونلۇق ساختا، ناچار تاۋارلارنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە سېتىشقا زەربە بېرىش ئىشخانىسى تەشكىللەش ۋە ماسلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، قەرەللىك ۋە قەرەلسىز ھالدا، ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە، ماركىسى ساختا تاماكىلارنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە سېتىشقا زەربە بېرىش بويىچە مەخسۇس پائالىيەت ئېلىپ بېرىشى كېرەك. سودا- سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ۋە تاماكا مونوپول تىجارىتى تارماقلىرى ماركىسى ساختا تاماكىلارنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە سېتىشقا زەربە بېرىشنى نۆۋەتتىكى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى خىزمەتلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قاتارىدا تۇتۇپ، ماركىسى ساختا تاماكىلارنىڭ يامراپ كېتىش ئەھۋالىنى قەتئىي چەكلىشى لازىم.

8. ئاپتونوم رايونلۇق تاماكا مونوپول تىجارىتى مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، كەسپىدىكى ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىشكە دىققەت قىلىپ، «تاماكا مونوپول تىجارىتى قانۇنى»غا نەمۇنىلىك بىلەن ئاڭلىق رىئايە قىلىشى كېرەك.

تاماكىچىلىق ساھەسىدىكى خادىملار قانۇنغا خىلاپلىق قىلسا، ئۇنى قاتتىق ۋە ئېغىر جازالاش لازىم. قانۇنچىلىق تەشۋىقاتىنى دائىم قانات يايدۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە «تاماكا مونوپول تىجارىتى قانۇنى» دىن ھەممە ئائىلە ۋە ھەممە ئادەمنى ھەقىقىي تۈردە خەۋەردار قىلىشى كېرەك.

9. ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى تاماكا مونوپول تىجارىتىنى باشقۇرۇش خىزمىتىگە يۇقىرى دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. تاماكا مونوپول تىجارىتىنى باشقۇرۇش مەخسۇس ئاپپاراتىنى قۇرمىغان جايلار ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ش ھ [1993] 38 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ روھىنى تېزدىن ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئۇنى ئاپتونوم رايونلۇق تاماكا مونوپول تىجارىتى ئىدارىسى بىلەن جىپسىلاشتۇرۇپ، تاماكا مونوپول تىجارىتى ئاپپاراتىنىڭ ۋۇسكىسىنى ئېشىشى؛ تاماكا مونوپول تىجارىتى ئاپپاراتى قۇرۇلغان جايلاردىكى ھۆكۈمەتلەر ئۇلارنىڭ خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە ئۇنى قوللىشى، ئۇلارنىڭ خىزمىتىدىكى ئەمەلىي قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىپ بېرىشى كېرەك.

## قوشۇمچىسى:

# ئاپتونوم رايونلۇق تاماكا بازىرىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىدىكىلەرنىڭ ئىسىملىكى

### گۇرۇپپا باشلىقى:

| | |
|---|---|
| بەي پىڭجى | ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى |

### مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقلىرى:

| | |
|---|---|
| يۇسۇپ غوپۇر | ئاپتونوم رايونلۇق تاماكا مونوپول تىجارىتى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى |
| چيەن شىفۇ | ئاپتونوم رايونلۇق سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى |

### گۇرۇپپا ئەزالىرى:

| | |
|---|---|
| تۇرسۇن خېۋىر | ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىساد - سودا كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى |
| لو جيەنشىن | ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى |
| جاڭ يىچېڭ | ئاپتونوم رايونلۇق ئۆلچەملەشتۈرۈش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى |
| كۇپۇ | ئۈرۈمچى تاموژنىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى |
| شىن گوباۋ | ئاپتونوم رايونلۇق چېگرا مۇداپىئەسى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى |
| ۋاڭ ياشياڭ | ئاپتونوم رايونلۇق تەپتىش مەھكىمىسى پارىخورلۇققا قارشى تۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى |
| ۋاڭ جيۇ | ئاپتونوم رايونلۇق ساختا، ناچار تاۋارلارنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە سېتىشقا زەربە بېرىش ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى |
| يۈ جىجىن | ئاپتونوم رايونلۇق سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى بازار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى |
| گۇ يىمىڭ | ئاپتونوم رايونلۇق تاماكا مونوپول تىجارىتى ئىدارىسى مونوپول تىجارىتىنى باشقۇرۇش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى |
| ياڭ دېلو | ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىنىڭ باشقارما باشلىقى |
| ئايىنكەن | ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى مال باشقۇرۇش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى |
| جاۋ چېڭبىڭ | ئاپتونوم رايونلۇق دۆلەت باج ئىدارىسىنىڭ باشقارما باشلىقى |
| جاڭ شىتەي | خەلق ئاۋىئاتسىيە ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى |
| فېڭ ياڭتيەن | ئاپتونوم رايونلۇق پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ باشقارما باشلىقى |

# ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتىنىڭ «مۇرەككەپ ئارىلاشما ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارىتىگە بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشكە دائىر بىر قانچە بەلگىلىمە» سىنى تارقىتىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش

ش ھ ب 〔1996〕 41 - نومۇرلۇق 1996 - يىل 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنى

ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتىگە، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك، ناھىيىلىك (شەھەرلىك) خەلق ھۆكۈمەتلىرىگە، ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىلەرگە:

مۇرەككەپ ئارىلاشما ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش، تۇپراقنى ياخشىلاپ، ئوغۇت ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىكىنى ئۇدا، ساغلام تەرەققىي قىلدۇرۇشتا پائال تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇرەككەپ ئارىلاشما ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارىتىنىڭ نورمال ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتى مۇھاكىمە قىلىپ تۈزۈپ چىققان «مۇرەككەپ ئارىلاشما ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارىتىگە بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشكە دائىر بىر قانچە بەلگىلىمە» نى سىلەرگە تارقاتتۇق، ئۇنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىشىڭلارنى سورايمىز.

## مۇرەككەپ ئارىلاشما ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارىتىگە بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشكە دائىر بىر قانچە بەلگىلىمە

بۇ بەلگىلىمە يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ۋە ئاپتونوم رايونىمىز يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىش، خىمىيۋى ئوغۇت بايلىقىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش، شىنجاڭنىڭ تۇپراق ئالاھىدىلىكىگە ۋە ئاساسلىق دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىگە ماس كېلىدىغان مەخسۇس ئوغۇتنى ئەتىۋار قىلىپ ئىشلەپچىقىرىش، مۇرەككەپ ئارىلاشما ئوغۇتنى كۈچلۈك بولۇش، تەڭشەلگەن بولۇش، مەخسۇسلىشىش تەرەپكە قاراپ تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يېتەكلەش، مۇرەككەپ ئارىلاشما ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارىتىنىڭ نورمال ئېلىپ بېرىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، خىمىيۋى ئوغۇتتىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن تۈزۈپ چىقىلدى.

1. مۇرەككەپ ئارىلاشما ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىدىغان زاۋۇتنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاشتا بىر تۇتاش لايىھىلەش، مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش يولىغا قويۇلىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇرەككەپ ئارىلاشما ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىشنى باشلىنىشتىلا ئەقىلگە مۇۋاپىق تەرەققىي قىلىش ئىزىغا سېلىش، تۆۋەن سەۋىيىدە داۋاملاشتۇرۇش ۋە تەكرار قۇرۇشتىن ساقلىنىش، مۇرەككەپ ئارىلاشما ئوغۇتنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش، مۇرەككەپ ئارىلاشما ئوغۇتنىڭ تۇپراقنى ياخشىلاش، ئوغۇت

ئۈنۈمنى يۇقىرى كۆتۈرۈش جەھەتلەردىكى رولىنى ھەقىقىي تۈردە جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇرەككەپ ئارىلاشما ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىشنى بىر تۇتاش پىلانلاش، بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىش نۇقتىلىرىنى مۇۋاپىق جايلاشتۇرۇش لازىم. بۇنىڭدىن كېيىن، يېڭىدىن قۇرۇلىدىغان، كېڭەيتىپ قۇرۇلىدىغان مۇرەككەپ ئارىلاشما ئوغۇت تۈرلىرىنى مەسئۇل تارماق ۋە ۋىلايەت، ئوبلاستلار ئىلتىماس قىلىدۇ، ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتى تەكشۈرۈپ تەستىقلايدۇ. تەكشۈرۈپ تەستىقلاش شەرتلىرى مۇنداق:

1) مەلۇم ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمىگە ئىگە، تېخنىكا سەۋىيىسى يۇقىرى، ھۈنەر - سەنئىتى ئىلغار، تەييارلىنىشى ئەقىلگە مۇۋاپىق، شىنجاڭنىڭ تۇپراق ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىدىغان بولۇشى كېرەك؛

2) ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن مۇرەككەپ ئارىلاشما ئوغۇت شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان قىلىپ تەييارلانغان بولۇشى ھەمدە تەجرىبە سان - سىفىرلىرى ۋە ئارىلىقتا تەجرىبە قىلىنغان نەتىجىسى بولۇشى، ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك، بۇغداي، كۆممىقوناق، كېۋەز، قىزىلچا، كۆكتات قاتارلىق ئاساسلىق دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ مەھسۇلاتىنى ۋە ھوسۇلىنى ئاشۇرۇشقا پايدىلىق بولۇشى كېرەك؛

3) ۋىلايەت، ئوبلاستتىن يۇقىرى تۇپراق، ئوغۇت پەن - تېخنىكا تارمىقىنى تېخنىكا تايانچىسى قىلغان بولۇشى كېرەك؛

4) ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ باشچىلىقىدا، يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى، خىمىيە سانائىتى نازارىتى، دېھقانچىلىق نازارىتى، يېزا - بازار كارخانىلىرى ئىدارىسى، تەمىنات - سودا كوپېراتىپى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسى قاتارلىق ئورۇنلاردىكى مۇتەخەسسىسلەر بىرلىكتە يېڭى تەييارلانمىنى ئېتىراپ قىلغان بولۇشى كېرەك.

مۇشۇ شەرتلەرگە ئۇيغۇن كەلگەنلىرى ئۈستىدە ئاپتونوم رايونلۇق خىمىيە سانائىتى نازارىتى تەكشۈرۈش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتى تەكشۈرۈپ، تەستىقلاپ، تۈر تۇرغۇزىدۇ. تەستىقلانغان تۈرلەرگە خىمىيە سانائىتى نازارىتى ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسى بېرىدۇ.

2. مۇرەككەپ ئارىلاشما ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارىتىگە بولغان ماكرولۇق باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش لازىم.

1) تەستىقلانغان يېڭىدىن قۇرۇلىدىغان ۋە كېڭەيتىپ قۇرۇلىدىغان مۇرەككەپ ئارىلاشما ئوغۇت زاۋۇتلىرىنىڭ مۇرەككەپ ئارىلاشما ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىشقا كېرەكلىك خام ئەشيالىرى پىلانلىق تەمىنلەشكە كىرگۈزۈلىدۇ. مەھسۇلاتى رايون ھالقىپ سېتىلىدىغان زاۋۇتلارنىڭ مۇرەككەپ ئارىلاشما ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىشقا كېرەكلىك خام ئەشيالىرىنى ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتى ئەمەلىي ئېھتىياجغا قاراپ بېكىتىدۇ، ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى شىركىتى بىلەن خىمىيە سانائىتى تەمىنات - سودا شىركىتى پىلان بويىچە تەمىنلەيدۇ؛ ئوغۇتنى شۇ جايدا ئىشلەپچىقىرىلىپ، شۇ جايدا ئىشلىتىلىدىغان ئوغۇت زاۋۇتلىرىغا كېرەكلىك خام ئەشيالارنى شۇ جايلاردىكى پىلان كومىتېتلىرى تەكشۈرۈپ بېكىتىدۇ، شۇ جايلاردىكى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى شىركەتلىرى تەمىنلەشكە مەسئۇل بولىدۇ. مۇرەككەپ ئارىلاشما ئوغۇت زاۋۇتلىرىغا بېرىلگەن ئوغۇت خام ئەشيالىرىنى، زاۋۇتلار ئۆزلىرى ئىشلىتىشى كېرەك، جەمئىيەتكە سېتىشقا يول قويۇلمايدۇ، مۇرەككەپ ئارىلاشما ئوغۇت زاۋۇتلىرىنىڭ ئوغۇت خام ئەشيالىرىنى ساتقانلىقى بايقالسا، شۇ زاۋۇتلارنىڭ خام ئەشيالار بىلەن تەمىنلەش پىلانى ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ.

2) 1995 - يىل 8 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ «مۇرەككەپ ئارىلاشما ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىشنى تېزلىتىشكە دائىر مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىش ھەققىدىكى يىغىننىڭ مۇھىم خاتىرىسى» تارقىتىلغاندىن بۇرۇن پۈتۈپ، ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن تۈرلەر ئەستايىدىل ئېنىقلىنىدۇ، ئېنىقلاش خىزمىتىگە خىمىيە سانائىتى نازارىتى باش بولىدۇ، ئالاقىدار تارماقلار قاتنىشىدۇ. تەكشۈرۈش ئارقىلىق،

مەھسۇلاتىنىڭ ئۈنۈملۈك تەركىبى يۇقىرى، ئوغۇت ئۈنۈمى ياخشى بولۇپ، سۈپەت ئۆلچىمىگە يەتكەن مۇرەككەپ ئارىلاشما ئوغۇت تۈرلىرىگە ئاپتونوم رايونلۇق خىمىيە سانائىتى نازارىتى ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسى بېرىدۇ، ئۇنىڭغا كېرەكلىك بولغان خام ئەشيا تەمىنلەش پىلانىغا كىرگۈزۈلىدۇ. ئۈنۈملۈك تەركىبى تۆۋەن، ئوغۇت ئۈنۈمى ناچار بولۇپ، سۈپەت ئۆلچىمىگە توشمىغان مۇرەككەپ ئارىلاشما ئوغۇت تۈرلىرىنى مۇددەت ئىچىدە تۈزىتىش كېرەك. تۈزەتكەندىن كېيىنمۇ تەلەپكە يەتمىسە، ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسى بىكار قىلىنىدۇ ۋە خام ئەشيا بىلەن تەمىنلەش توختىتىلىدۇ.

3) مۇرەككەپ ئارىلاشما ئوغۇتنى سېتىشتا، پرىنسىپ جەھەتتە قەيەردە ئىشلەپچىقىرىلسا، شۇ يەردە سېتىش يولغا قويۇلىدۇ. يەرلىك مۇرەككەپ ئارىلاشما ئوغۇت زاۋۇتلىرى ئىشلەپچىقارغان مۇرەككەپ ئارىلاشما ئوغۇت ھەر دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى شىركەتلىرىگە بىۋاسىتە سېتىپ بېرىلىدۇ، ناھىيە دەرىجىلىك ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن دېھقانچىلىقتىكى 3 پونكىتقا كېرەكلىك مۇرەككەپ ئارىلاشما ئوغۇتنى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش شىركەتلىرى تەمىنلەيدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزدا ئىشلەپچىقىرىلغان مۇرەككەپ ئارىلاشما ئوغۇتتا ئالدى بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك، شۇ شەرت ئاستىدا شىنجاڭدىن سىرتقا چىقىرىش ئىجازەتنامىسى تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ.

3. مۇرەككەپ ئارىلاشما ئوغۇت ھەققىدىكى تەشۋىقات ۋە ئۇنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش كېرەك. مۇرەككەپ ئارىلاشما ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىدىغان زاۋۇتلار مەھسۇلاتىنىڭ سۈپىتىگە ھەقىقىي تۈردە كاپالەتلىك قىلىشى ھەمدە دېھقانچىلىق، پەن تەتقىقات، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى تىجارىتى تارماقلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتلىرى بىرلىشىپ، يېڭى مەھسۇلات، يېڭى تەييارلانما ھەققىدىكى تەشۋىقات ۋە ئۇنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى بىرلىكتە ئوبدان ئىشلىشى لازىم. ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىساد - سودا كومىتېتى تېخنىكا جەھەتتىن نازارەت قىلىش قاتارلىق تارماقلار بىلەن بىرلىكتە مۇرەككەپ ئارىلاشما ئوغۇتنىڭ سۈپىتىنى قەرەلسىز تەكشۈرىدۇ ۋە باھالايدۇ ھەمدە ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلاتلارنى باھالاش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلاتنى جەمئىيەتكە ئېلان قىلىپ، مۇرەككەپ ئارىلاشما ئوغۇتنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە مەھسۇلات سۈپىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

4. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇرەككەپ ئارىلاشما ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش تورىنى قۇرۇش كېرەك. تور تۈرلۈك مۇرەككەپ ئارىلاشما ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان زاۋۇت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى تارماقلىرى ۋە ئالاقىدار پەن تەتقىقات، ئومۇملاشتۇرۇش، ئۈلگە كۆرسىتىپ تەجرىبە قىلىش قاتارلىق ئورۇنلار تەرىپىدىن ئىختىيارىي ھالدا تەشكىللىنىدۇ. تورنىڭ مەقسىتى ئىلمىي يوسۇندا تەييارلاشنى ۋە ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىشلىتىش تېخنىكىسىنى تەتقىق قىلىش، سۈپىتى لاياقەتلىك، باھاسى مۇۋاپىق مۇرەككەپ ئارىلاشما ئوغۇتنى ئومۇملاشتۇرۇش، ئىشلىتىش ئارقىلىق، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇرەككەپ ئارىلاشما ئوغۇتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ياخشى تاشقى مۇھىت يارىتىپ بېرىشتىن ئىبارەت. مۇرەككەپ ئارىلاشما ئوغۇت تورىنى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش خىزمىتىگە ئاپتونوم رايونلۇق تەمىنات - سودا كوپېراتىپى باش بولىدۇ، ئالاقىدار تارماقلار قاتنىشىدۇ. مۇرەككەپ ئارىلاشما ئوغۇت تورىنىڭ نىزامنامىسىنى تېزدىن ئوتتۇرىغا قويۇشى كېرەك.

5. مۇرەككەپ ئارىلاشما ئوغۇت خام ئەشياسىنىڭ تەمىنلەش باھاسى ۋە مەھسۇلاتىنىڭ سېتىلىش باھاسىنى باھا تارمىقى تەكشۈرۈپ بېكىتىدۇ.

6. ھەر دەرىجىلىك سودا - سانائەت مەمۇرىيىتى تارماقلىرى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، قانۇنسىز تىجارەتلەرنى قەتئىي بىكار قىلىشى، ساختا، ناچار مۇرەككەپ ئارىلاشما ئوغۇت ياساش ۋە سېتىشتەك دېھقانلارنى زىيانغا ئۇچرىتىدىغان قىلمىشلارنى قانۇن بويىچە قاتتىق جازالىشى لازىم.

# بىناكارلىق كەسپىنىڭ ئەمگەك مۇھاپىزەت غەملىمىسىنى ئازايتىش ۋە كەچۈرۈم قىلىشنى مەنئى قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش

ش ھ ب 〔1996〕 48 - نومۇرلۇق 1996 - يىل 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى

ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتىگە، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك، ناھىيە (شەھەر) لىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىگە، مەمۇرىي مەھكىمىلەرگە، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تارماقلىرى ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق ئاپپاراتلىرىغا:

ئاپتونوم رايونىمىز بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ ئەمگەك مۇھاپىزەت خىراجىتىنى كەسىپ بويىچە بىر تۇتاش غەملەش، باشقۇرۇش خىزمىتى 1989 - يىلدىن باشلاپ ئېلىپ بېرىلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بىناكارلىق كارخانىلىرى، بولۇپمۇ چوڭ، ئوتتۇرا دۆلەت بىناكارلىق كارخانىلىرى ۋە يەرلىك تىيانجى بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ ئەمگەك مۇھاپىزەت خىراجىتىنى چىقىم قىلىشتىكى قىيىنچىلىقنى ئازايتىشتا زور تۆھپە قوشۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بىناكارلىق كارخانىلىرىنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى قوغداشتا ئىجابىي رول جارى قىلدۇردى. ئەمما، ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، پېنسىيە خىراجىتىنى ئايىمۇ ئاي تارقىتىشتا قىيىنچىلىق زور. ئەمگەك مۇھاپىزەت خىراجىتى كىرىم چىقىمنى قاپلىيالماسلىق ھالىتىدە تۇرماقتا. بۇنىڭ سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرگەندە، خىراجەت غەملەش ئۆلچىمى تۆۋەن بولغانلىقى ۋە مەبلەغ سېلىش كۆلىمىنىڭ تەسىرىدىن سىرت، ئاساسلىقى بەزى جاي ۋە ئورۇنلاردا ئەمگەك مۇھاپىزەت غەملىمىسىنى خالىغانچە ئازايتىش، كەچۈرۈم قىلىش ئەھۋالى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ساقلىنىۋاتىدۇ. شۇڭا، بىناكارلىق كەسپىنىڭ ئەمگەك مۇھاپىزەت غەملىمىسىنى ئازايتىش، كەچۈرۈم قىلىشنى مەنئى قىلىش ھەققىدە مۇنۇلارنى ئۇقتۇرىمىز:

1. بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرىنىڭ پۈتۈش باھاسىغا كىرگۈزۈلگەن ئەمگەك مۇھاپىزەت خىراجىتى بىناكارلىق كارخانىلىرىدىكى دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان خادىملارنىڭ جېنىنى باقىدىغان پۇل. ھەر قانداق تارماق، ئورۇن ۋە شەخسنىڭ ئۇنى ئازايتىش ۋە كەچۈرۈم قىلىش ھوقۇقى يوق.

2. ئاپتونوم رايون ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان قۇرۇلۇش تۈرلىرىلا بولسا، قۇرۇلۇش تۈرى، مەبلەغ مەنبەسىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ئىش باشلاشتىن بۇرۇن، قۇرۇلۇش قىلغۇچى ئورۇن شۇ جايدىكى بىناكارلىق كەسپىنىڭ ئەمگەك مۇھاپىزەت خىراجىتىنى بىر تۇتاش غەملەش پونكىتىغا بەلگىلەنگەن نىسبەت بويىچە ئەمگەك مۇھاپىزەت غەملىمىسىنى ئالدىن تاپشۇرۇشى شەرت. بولمىسا، ئىش باشلاش رۇخسىتى بېجىرىپ بېرىشكە بولمايدۇ. مەبلەغ سېلىش كۆلىمى چوڭراق بولغان، يىل ئاتلايدىغان قۇرۇلۇش تۈرلىرىدە يىلغا بۆلۈپ ئالدىن تاپشۇرۇشقا بولىدۇ. قۇرۇلۇش پۈتۈپ ھېسابات قىلىنغاندا، بەلگىلەنگەن نىسبەت بويىچە ئارتۇقى قايتۇرۇلىدۇ، كېمى تولۇقلىنىدۇ. نەقچوتتىكى تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەن ئومۇمىي پۈتۈش باھاسى تۈپ سان قىلىنىپ ھېسابلىنىدۇ. ئەمگەك مۇھاپىزەت غەملىمىسىنىڭ تاپشۇرۇلماي قالغان قىسمىنى تولۇقلاپ تاپشۇرۇش شەرت. رەسمىيەت بېجىرگۈچى بانكىلار ئۆتكەلنى ئىگىلىشى لازىم.

3. تاشقى مەبلەغ بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان قۇرۇلۇش تۈرلىرى، مەركەز تارماقلىرىنىڭ قۇرۇلۇش تۈرلىرى، قىسىملارنىڭ ھەربىي ئىشلارغا چېتىلمايدىغان قۇرۇلۇش تۈرلىرى ۋە تەرەققىيات رايونلىرىنىڭ قۇرۇلۇش تۈرلىرىدە ئاپتونوم رايوننىڭ بىر تۇتاش بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، ئەمگەك مۇھاپىزەت غەملىمىسىنى تاپشۇرۇش كېرەك. باھانە كۆرسىتىپ تاپشۇرۇشنى كېچىكتۈرۈش ياكى رەت قىلىشقا بولمايدۇ. قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىنى ۋەكالىتەن تاپشۇرۇشقا مەجبۇرلاشقا تېخىمۇ رۇخسەت قىلىنمايدۇ.

4. ھەر دەرىجىلىك قۇرۇلۇش مەمۇرىيىتى مەسئۇل تارماقلىرى ۋە بىر تۇتاش غەملەش، باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، خىراجەت غەملەش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلىشى، ئاز يىغىپ قويماسلىقى، چۈشۈرۈپ قويماسلىقى لازىم. غەملەنگەن ئەمگەك مۇھاپىزەت خىراجىتىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، مەخسۇس ئىشلىتىش كېرەك، يۆتكەپ ئىشلىتىۋېلىشقا بولمايدۇ. بولمىسا، ئالاقىدار خادىملارنىڭ جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

5. جايلار ئالاقىدار خادىملارنى دەرھال تەشكىللەپ، شۇ جايدىكى بىناكارلىق كەسپىنىڭ ئەمگەك مۇھاپىزەت غەملىمىسىنىڭ يىغىلىش ئەھۋالىنى بىر قېتىم ئەستايىدىل تەكشۈرۈشى ۋە ئېنىقلىشى لازىم. ئازايتىۋېتىلگەن، كەچۈرۈم قىلىۋېتىلگەن، چۈشۈرۈپ قويۇلغانلىرىنى تولۇقلاپ تاپشۇرتۇش ۋە يىغىش لازىم. بۇ خىزمەتنى ئەڭ كېچىككەندە 6 - ئاي چىقىپ كېتىشتىن بۇرۇن تاماملاپ، تەكشۈرۈش ئەھۋالىنى ئاپتونوم رايونلۇق بىناكارلىق كەسپىنىڭ ئەمگەك مۇھاپىزەت خىراجىتىنى بىر تۇتاش غەملەش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىغا يوللاش لازىم. رەھبەرلىك گۇرۇپپا ئىشخانىسى ئومۇملاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە يوللايدۇ.

# ئۆلكىلەر ئارا يۆتكىلىدىغان پاختىدىن ئېلىنىدىغان مۇكاپات پۇلىنى باشقۇرۇش چارىسىنى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش

ش ھ ب (1996) 50 - نومۇرلۇق    1996 - يىل 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى

ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتىگە، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك، ناھىيىلىك (شەھەرلىك) خەلق ھۆكۈمەتلىرىگە، مەمۇرىي مەھكىمىلەرگە، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تارماقلىرى ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق ئاپپاراتلىرىغا:

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئاپتونوم رايونلۇق تەمىنات - سودا كوپېراتىپى ۋە مالىيە نازارىتىنىڭ «ئۆلكىلەر ئارا يۆتكىلىدىغان پاختىدىن ئېلىنىدىغان مۇكاپات پۇلىنى باشقۇرۇش چارىسى» گە قوشۇلدى، ئۇنى سىلەرگە تارقاتتۇق، شۇ بويىچە ئىجرا قىلىشىڭلارنى سورايمىز.

## ئۆلكىلەر ئارا يۆتكىلىدىغان پاختىدىن ئېلىنىدىغان مۇكاپات پۇلىنى باشقۇرۇش چارىسى

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇپ، يېزىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنى ياخشىلاپ، دېھقانلارنىڭ پاختا تېرىش ئاكتىپلىقىنى قوزغاش ئۈچۈن، گوۋۇيۈەننىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، 1995 -، 1996 - پاختا يىلىدىن باشلاپ، ئاپتونوم رايون ئۆلكىلەر ئارا يۆتكىلىدىغان پاختىدىن ئېلىنىدىغان مۇكاپات پۇلىنى قايتۇرۇش توغرىسىدا يېڭى بەلگىلىمە چىقاردى، ئاپتونوم رايونلۇق تەمىنات - سودا كوپېراتىپى پاختا - جىنگە شىركىتى كونكرېت مەشغۇلات ئېلىپ بېرىپ ئىجرا قىلىشقا مەسئۇل بولىدۇ. بۇ خىزمەتنىڭ سىياسەتچانلىقى كۈچلۈك، بۇ خىزمەت ئارقىلىق باشقۇرۇلىدىغان مەبلەغ سوممىسى كۆپ بولغاچقا، بۇ مەبلەغنى ياخشى باشقۇرۇش ۋە جايىدا ئىشلىتىش ئۈچۈن، بۇ چارە تۈزۈپ چىقىلدى.

### 1. مۇكاپات پۇلىنىڭ ئېلىنىشى

دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، دۆلەت ئورۇنلاشتۇرغان پىلان بويىچە ئۆلكىلەر ئارا يۆتكىلىدىغان پاختىنىڭ (ئۇزۇن تالالىق پاختا بىلەن دەرىجىگە توشمايدىغان پاختىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) ھەر بىر دەندىن 30 يۈەنلىك ئۆلچەم بويىچە مۇكاپات پۇلى ئېلىنىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق پاختا - جىنگە شىركىتى پاختا يۆتكەلگەندە پاختا ئىشلەتكۈچى ئورۇنلارغا قوشۇلما قىممەت بېجى تالونى كېسىپ بېرىپ مۇكاپات پۇلىنى يىغىۋېلىپ ئۇنى خام چوت سىرتىدىكى مەخسۇس فوند سۈپىتىدە باشقۇرىدۇ، ئۇ كارخانىنىڭ تىجارەت كىرىمىگە كىرگۈزۈلمەيدۇ، ئۇنىڭدىن تاپاۋەت بېجى ئېلىنمايدۇ.

### 2. مۇكاپات پۇلىنىڭ تەقسىم قىلىنىشى ۋە ئىشلىتىلىشى

ئاپتونوم رايونلۇق پاختا - جىنگە شىركىتى پاختا يۆتكەشتىن ئالغان مۇكاپات پۇلدا ئايرىم ھېسابات تۇرغۇزۇشى كېرەك. يىل ئاخىرىدا، پاختا ئىشلەپچىقىرىدىغان ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيىلەر ئاپتونوم رايونلۇق شىركەتكە يۆتكىگەن ۋە ئاپتونوم رايونىمىز توقۇمىچىلىقى ئۈچۈن ئەمەلىي تەمىنلىگەن پاختا مىقدارى (ئۆز ناھىيىسىنىڭ توقۇمىچىلىقىغا تەمىنلىگەن پاختا مىقدارىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) بىلەن ئەمەلىي يىغىۋېلىنغان پاختا يۆتكەش مۇكاپات پۇلىنىڭ ئومۇمىي سوممىسىغا ئاساسەن تەسىرلىمە ئوتتۇرىچە سان بويىچە ھەر بىر دەن پاختىدىن ئېلىنىدىغان مۇكاپات پۇلى سوممىسى تەسىرلىمە ئوتتۇرىچە سان بويىچە ھېسابلاپ چىقىلىپ، تۆۋەندىكىدەك تەقسىم قىلىنىدۇ:

1) بىڭتۇەننىڭ توپ سان ئىچىدىكى پاختىسى: ئەمەلىي يۆتكەلگەن توپ سان ئىچىدىكى پاختىنىڭ ئومۇمىي مىقدارىغا ئاساسەن، مۇكاپات پۇلىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى ھېسابلاپ چىقىلىپ پۈتۈنلەي بىڭتۇەن مالىيىسىگە قايتۇرۇلىدۇ، ئۇنى بىڭتۇەن ھەرقايسى شىلارغا تەقسىملەشتۈرىدۇ.

2) يەرلىكنىڭ پاختىسى: ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيىلەرنىڭ ئەمەلىي يۆتكىگەن پاختا مىقدارى بويىچە قايتۇرۇشقا تېگىشلىك مۇكاپات پۇلى سوممىسى ھېسابلاپ چىقىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ 3 تىن بىر قىسمى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق مالىيىگە قايتۇرۇلىدۇ، 3 تىن 2 قىسمى پاختا ئىشلەپچىقارغان ناھىيىلەرنىڭ مالىيىسىگە بەلگىلىمە بويىچە قايتۇرۇلىدۇ.

3) ھەر يىلى 3 - ئاينىڭ ئاخىرى ئاپتونوم رايونلۇق پاختا - جىنگە شىركىتى يىغىۋېلىنغان مۇكاپات پۇلى سوممىسىغا ۋە ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيىلەر يۆتكىگەن پاختا مىقدارىغا ئاساسەن مۇكاپات پۇلىنى بىر قېتىم ئالدىن بۆلۈپ بېرىدۇ، پاختا ئىشلەپچىقىرىش يىلى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ھەر يىلى 9 - ئاينىڭ ئاخىرى ھېسابىنى ئېنىقلاپ چىقىدۇ. ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيىلەرنىڭ مالىيىسى مۇكاپات پۇلىنى قايتۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پاختا - جىنگە شىركىتىگە شۇ جايدىكى ھۆكۈمەتنىڭ تونۇشتۇرۇش خېتىنى ئېلىپ كېلىپ پۇلنى ئېلىش رەسمىيىتىنى بېجىرىدۇ.

4) يۆتكىلىدىغان پاختىدىن ئېلىنىدىغان مۇكاپات پۇلىنى ئېلىش، تەقسىم قىلىش ئەھۋالىنى ئىقتىسادىي تەپتىش ئىدارىسى ھەر يىلى تەپتىش قىلىدۇ.

### 3. باشقا ئىشلار

1) پاختا مۇكاپات پۇلى ئېلىش ۋە ئۇنى قايتۇرۇش خىزمىتىنىڭ تەسىر دائىرىسى كەڭ بولغاچقا، ئالاقىدار تارماقلار ۋە پاختا ئىشلەپچىقىرىدىغان جايلار چوقۇم ئۆزئارا ماسلىشىپ، مەبلەغنىڭ قولدىن كېتىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق پاختا - جىنگە شىركىتى مۇكاپات پۇلىنى پائال يىغىۋېلىپ ۋاقتىدا قايتۇرۇشى، پاختا ئىشلەپچىقارغۇچى ناھىيىلەر دۆلەتنىڭ يۆتكەش پىلانىنىڭ ئۈزۈكسىز ئورۇندىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، پاختىنى چوقۇم پىلان بويىچە ئاپتونوم رايونغا يۆتكەپ بېرىشى لازىم.

2) 1995 -، 1996 - يىلى رايونىمىز ئىچىدە تەمىنلىنىدىغان توقۇمىچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان پاختا ۋە تاشقى سودا ئېكسپورت كارخانىلىرى ئىشلىتىدىغان پاختىنىڭ مۇكاپات پۇلىدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە ھېساباتقا كىرگۈزۈش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، يىل ئاخىرىدا بازار ئەھۋالىغا ئاساسەن ئېلىش - ئالماسلىق قايتا بەلگىلىنىدۇ.

3) بۇ چارە 1995 - يىل 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ئىجرا قىلىنىدۇ.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ساياھەت ئىدارىسىنىڭ فۇنكسىيىسى، ئىچكى ئاپپاراتى ۋە خادىملار شتاتى توغرىسىدىكى لايىھەنى تارقىتىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش

ش ھ ب [1996] 21 - نومۇرلۇق 1996 - يىل 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى

ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتىگە، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىگە، ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىلەرگە، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھەر قايسى تارماقلىرى ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق ئاپپاراتلىرىغا:

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ساياھەت ئىدارىسىنىڭ فۇنكسىيىسى، ئىچكى ئاپپاراتى ۋە خادىملار شتاتى توغرىسىدىكى لايىھە»نى ئاپتونوم رايونلۇق ئاپپاراتلار ئىسلاھاتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى تەكشۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلىدى، ئۇنى سىلەرگە تارقاتتۇق.

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ساياھەت ئىدارىسىنىڭ فۇنكسىيىسى، ئىچكى ئاپپاراتى ۋە خادىملار شتاتى توغرىسىدىكى لايىھە

«ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، ئورگان ئارقا سەپ تەمىناتى ۋە كەسپىي ئورۇنلاردا ئاپپارات ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇش پىكرىنى چۈشۈرۈش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» (ش پ [1995] 25 - نومۇرلۇق ھۆججەت) نىڭ روھىغا ئاساسەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ساياھەت ئىدارىسىنىڭ فۇنكسىيىسى، ئىچكى ئاپپاراتى ۋە خادىملار شتاتى تۆۋەندىكىچە بېكىتىلدى:

### 1. فۇنكسىيىنى ئۆزگەرتىش

1) كارخانىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك باشقۇرۇش ھوقۇقى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ كارخانىغا چۈشۈرۈپ بېرىلىدۇ؛ كارخانىغا ماكرو جەھەتتىن يېتەكچىلىك ۋە مۇلازىمەت قىلىنىدۇ؛ كارخانا قانۇنىي ئىگىسىگە ئالاقىدار تەرتىپلەر بويىچە تەكلىپ بىلەن ئىشلىتىش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، كارخانىلارنىڭ ئىشچى ئىشلىتىشى تامامەن قويۇۋېتىلىدۇ.

2) ساياھەت مېھمانخانىلىرى (سارايلىرى) نىڭ ياتاق باھاسى، ساياھەت ئىدارىلىرىنىڭ تاماق پۇلى، ساياھەت ئىدارىسى - گۇرۇپپىسى (كۈتۈۋېلىش) ئۆمەكلىرىنىڭ مەلۇم قىلىش باھاسى ۋە ساياھەت قاتناش ۋاسىتىلىرى ھەققىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، خەلقئارا ۋە ئىچكى ساياھەت بازارلىرى باھاسىنىڭ پايدىلىنىش ئۆلچىمى، ئەڭ تۆۋەن قوغداش باھاسى بىلەن تەمىنلەش ئارقىلىق ساياھەت كارخانىلىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇشى يېتەكلىنىدۇ ۋە ماسلاشتۇرۇلىدۇ.

3) ئاپتونوم رايونىمىز دائىرىسىدىكى ۋىلايەت، ئوبلاست ۋە شەھەرلەرگە قاراشلىق چەت ئەل مېھمانلىرىغا ئېچىۋېتىلگەن مېھمانخانىلار (ساراي، رېستورانلار)، ماگىزىن، زاۋۇت (مەيدان)، ئېكسكۇرسىيە نۇقتىلىرىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ھوقۇقى شارائىتى بار ۋىلايەت، ئوبلاست ۋە شەھەرلىك ساياھەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرىغا چۈشۈرۈپ بېرىلىدۇ.

4) ئاپتونوم رايون بويىچە ساياھەتچىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش

ستراتېگىيىسى ھەققىدىكى تەتقىقات ۋە ئۇنى يولغا قويۇش خىزمىتى كۆچەيتىلىدۇ؛ كەسىپلەر قانۇن - نىزاملىرىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگە بولغان نازارەتچىلىك، تەكشۈرۈش ھەمدە يەرلىك قانۇن - نىزاملارنى تۈزۈپ چىقىش، يولغا قويۇش كۆچەيتىلىدۇ؛ ساياھەت بايلىقى ۋە ساياھەت مەھسۇلاتلىرىدىن پايدىلىنىش تەتقىقاتى ۋە ئۇنىڭغا بولغان يېتەكچىلىك كۈچەيتىلىپ، شىنجاڭ ساياھەتچىلىكىنىڭ يۈكسەك سېپىش ئىشى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ؛ ئىچكى ۋە تاشقى ساياھەتكە بولغان ماكرولۇق باشقۇرۇش ۋە يېتەكچىلىك كۈچەيتىلىدۇ؛ ساياھەت مۇلازىمەت سۈپىتىنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، ساياھەتچىلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتى قوغدىلىدۇ.

## 2. ئاساسلىق مەسئۇلىيىتى

ئاپتونوم رايونلۇق ساياھەت ئىدارىسى — ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاپتونوم رايون بويىچە ساياھەتچىلىككە مەسئۇل بىۋاسىتە قاراشلىق ئاپپاراتىدۇر. ئۇنىڭ ئاساسلىق مەسئۇلىيىتى تۆۋەندىكىچە:

1) ئاپتونوم رايونىمىز ساياھەتچىلىك تەرەققىياتىنىڭ ستراتېگىيىلىك نىشانى، فاڭجېنى، سىياسەتلىرى ۋە يەرلىك قانۇن - نىزاملارنى تۈزۈپ چىقىدۇ؛ ئاپتونوم رايون بويىچە ساياھەت ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك ئومۇمىي پىلانى ۋە يىللىق پىلانلىرىنى تۈزۈپ چىقىدۇ ھەمدە يولغا قويۇشنى تەشكىللەيدۇ.

2) ساياھەت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ، ئالاقىدار تارماقلار بىلەن ھەمكارلىشىپ ساياھەت بازارلىرىنى يېتىشتۈرىدۇ ۋە مۇكەممەللەشتۈرىدۇ، ساياھەتچىلىكتىكى ئىشكىنى سىرتقا ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىدۇ، دۆلەت ئىلكىدىكى ساياھەت كارخانىلىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ئەمەلىيلەشتۈرىدۇ.

3) دۆلەت ئىلكىدىكى ساياھەت كەسىپلىرىنىڭ مەمۇرىي قانۇن-نىزاملىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كەسىپ ئۆلچەملىرىنى قېلىپلاشتۇرىدۇ ھەمدە شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ يولغا قويۇش تەپسىلىي قائىدىلىرىنى تۈزۈپ چىقىدۇ؛ ساياھەت كەسپىگە ئالاقىدار مالىيە، باج، تاشقى پېرېۋوت، ئامانەت-قەرز ۋە باھا قاتارلىق سىياسەت، قائىدە - تۈزۈملەرنى تۈزۈپ چىقىشقا قاتنىشىدۇ ۋە ئۇنى ماسلاشتۇرىدۇ؛ ئاپتونوم رايون بويىچە ساياھەتچىلىك ستاتىستىكا خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ.

4) ساياھەتچىلىكنىڭ چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش ۋە ئىجتىمائىي مەبلەغ سېلىش خىزمەتلىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ ۋە يېتەكلەيدۇ؛ ئاپتونوم رايون بويىچە ساياھەت بايلىقىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش، پىلانلاشقا ھەمدە بايلىق مەنبەسىنى ئېچىش، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ۋە ئۇنى قوغداش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ؛ دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون چۈشۈرگەن ساياھەت ئىشلىرى تەرەققىيات مەبلىغى، سېلىنمىسى بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان تۈرلەرنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش، مەلۇم قىلىپ تەستىقلىتىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ؛ ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك سەيلە - ساياھەت رايونلىرىغا ۋە باشقا ئۇقتىلىق ساياھەت قۇرۇلۇش تۈرلىرىگە ماكرو جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىدۇ ۋە ئۇنى تەكشۈرىدۇ؛ ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ساياھەت كارخانىلىرىدىكى دۆلەت مال- مۈلكىنىڭ قىممىتىنى ساقلاپ قېلىش، ئاشۇرۇش ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا نازارەت قىلىدۇ.

5) ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خەلقئارا ساياھەت بازارلىرىنى ئېچىش ئومۇمىي پىلانىنى تۈزۈپ چىقىدۇ ھەمدە يولغا قويۇشنى تەشكىللەيدۇ؛ جۇڭگو پۇقرالىرىنىڭ چېگرىدىن چىقىپ ساياھەت قىلىش كەسىپلىرىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولىدۇ، چېگرىدىن چىقىپ ساياھەت قىلىش تەرەققىيات كۆلىمى ۋە تاشقى پېرېۋوت تەڭپۇڭلۇقىنى مۇھاكىمە قىلىپ ئىگىلەيدۇ؛ شىنجاڭ ساياھەتچىلىكىنىڭ يۈكسەك ئوبرازىنى تەشۋىق قىلىش ۋە چوڭ - چوڭ سېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش پائالىيەتلىرىنى تەشكىللەشكە مەسئۇل بولىدۇ، مۇھىم ساياھەت مەھسۇلاتلىرىنى ئېچىش ئىشىنى تەشكىللەيدۇ ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

6) ئاپتونوم رايونىمىزدا دۆلەت ئىچىدىكى ساياھەتچىلىك كەسپىنى قانات يايدۇرۇشنى ماكرو جەھەتتىن باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولىدۇ، ئىچكى ساياھەت سىياسەتلىرىنى ئىزچىللاشتۇرىدۇ، ئەمەلىيلەشتۈرىدۇ، ئاپتونوم رايونىمىزدا يولغا قويۇش تەپسىلىي قائىدىلىرىنى تۈزۈپ چىقىدۇ.

7) ئاپتونوم رايون بويىچە ساياھەتچىلىك كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنى كەسپىي جەھەتتىن باشقۇرىدۇ؛ خەلقئارا ساياھەتچىلىك كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ساياھەت ئىدارىلىرى (شىركەتلىرى) نى سىستېما بويىچە تەكشۈرىدۇ، مەلۇم قىلىپ تەستىقلىتىدۇ؛ ئىچكى ساياھەت كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ساياھەت ئىدارىلىرى (شىركەتلىرى) نى تەكشۈرۈپ تەستىقلايدۇ؛ 3 يۇلتۇزدىن تۆۋەن دەرىجىلىك چەت ئەلگە ئېچىۋېتىلگەن ساياھەت سارايلىرىنىڭ يۇلتۇز دەرىجىسىنى باھالاپ

بېكىتىش خىزمىتىنى تەشكىللەيدۇ؛ ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە ساياھەت قاتناش ـ ترانسپورتى، مەنزىرىلىك جايلار تەرتىپى، ساياھەت تاۋارلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش، ساياھەت بىخەتەرلىكى، ساياھەت قىلىپ كۆڭۈل ئېچىش ئىشلىرى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ماسلاشتۇرىدۇ، ساياھەت مۇلازىمىتى سۈپىتىگە نازارەتچىلىك قىلىدۇ ۋە ئۇنى تەكشۈرىدۇ، ئىچكى. تاشقى ساياھەتچىلەرنىڭ ئەرزلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغدايدۇ.

8) ساياھەتچىلىككە دائىر تاشقى ئىشلارنى ۋە ساياھەت ۋىزا ئۇقتۇرۇشلىرىنى سىستېما بويىچە باشقۇرىدۇ، ساياھەتچىلىككە دائىر تاشقى ئالاقە ۋە ھەمكارلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل بولىدۇ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ساياھەتچىلىك كەسپى بويىچە چەت ئەلدە تۇرۇشلۇق ئاپپاراتلىرىنى تەكشۈرۈش، مەلۇم قىلىپ تەستىقلىتىش ۋە باشقۇرۇش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولىدۇ.

9) ئاپتونوم رايون بويىچە ساياھەتچىلىككە دائىر تەلىم ـ تەربىيە ۋە يېتىشتۈرۈش ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ ھەم ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ، ئاپتونوم رايون بويىچە ساياھەتچىلىك كەسپىنىڭ مائاشى ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلاردىكى كادىرلارنى باشقۇرۇش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ؛ ساياھەتچىلىك كەسپىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ؛ ساياھەتچىلىك كەسپىي جەمئىيەتلىرى ۋە ساياھەتچىلىك كەسپىي ئورۇنلىرىنىڭ خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

10) ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تاپشۇرغان باشقا ئىشلارنى بېجىرىدۇ.

### 3. ئىچكى ئاپپاراتى

يۇقىرىقى مەسئۇلىيەتلەرگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق ساياھەت ئىدارىسىدە 6 فۇنكسىيىلىك باشقارما ۋە ئىشخانا تەسىس قىلىنىدۇ.

(1) ئىشخانا

ئىدارە رەھبەرلىكىنىڭ كۈندىلىك خىزمەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىشىغا ياردەملىشىدۇ؛ باشقارما ۋە ئىشخانا، بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى كەسپىي مۇناسىۋەتنى ماسلاشتۇرىدۇ؛ مۇھىم يىغىنلارنى تەشكىللەش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ؛ ئورگاننىڭ مەمۇرىي ئىشلىرى ۋە ھۆججەت ـ ئالاقە، كاتىبات خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ؛ ئورگاننىڭ ئارقا سەپ تەمىنات مۇلازىمەت خىزمىتىنى باشقۇرىدۇ؛ ئاپتونوم رايون بويىچە ساياھەتچىلىك كەسپى تەرەققىياتى ستراتېگىيىسىنى مۇھاكىمە قىلىپ تۈزۈپ چىقىپ، ساياھەتچىلىك كەسپى سىياسەتلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇشقا دائىر تەپسىلىي قائىدە ۋە تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ؛ ساياھەتچىلىك كەسپى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ ۋە ئىسلاھات سىناق نۇقتىلىرى خىزمىتىنى تەشكىللەيدۇ؛ يەرلىك قانۇن ـ نىزاملارنى مۇھاكىمە قىلىپ تۈزۈپ چىقىدۇ، ساياھەتچىلىك قانۇن ـ تۈزۈم قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ ۋە ئۇنى ماسلاشتۇرىدۇ، خەلقئارادىكى ۋە دۆلەت ئىچىدىكى ساياھەت ئىشلىرىغا دائىر مۇھىم ئۇچۇرلارنى يىغىپ تەتقىق قىلىدۇ؛ ساياھەت يىلنامىسى ۋە ساياھەت يەرلىك تەزكىرىسىنى تۈزۈش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ.

(2) مالىيە ـ ئاساسىي قۇرۇلۇش باشقارمىسى

ئاپتونوم رايونىنىڭ ئوتتۇرا، ئۇزاق مۇددەتلىك ساياھەت تەرەققىيات پىلانى، يىللىق پىلانىنى تۈزىدۇ ۋە يولغا قويۇشنى تەشكىللەيدۇ؛ ئاپتونوم رايون بويىچە ساياھەت ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرلىرىگە سېلىنىدىغان مەبلەغنى تەكشۈرۈپ مەلۇم قىلىش، تۈرلەرگە سېلىنغان مەبلەغنىڭ ئىجراسىغا يېتەكچىلىك قىلىش، نازارەتچىلىك قىلىش ۋە ئۇنى تەكشۈرۈش، چەكلىك سوممىدىن تۆۋەن تۈرلەرنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ؛ ساياھەت بايلىقلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشكە مەسئۇل بولىدۇ ھەمدە ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە ئېچىش، پايدىلىنىش، قوغداش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەيدۇ؛ ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرى ۋە ساياھەت رايونلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەيدۇ؛ ئاپتونوم رايون بويىچە ساياھەت كەسىپلىرىنىڭ مالىيە، تاشقى پېرېۋوت، بوغالتىرلىق خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ، ساياھەت كەسىپلىرىنىڭ مالىيە، باج، ئامانەت ـ قەرز، تاشقى پېرېۋوت ۋە تاشقى مەبلەغنى جەلپ قىلىش خىزمىتىنى ماسلاشتۇرىدۇ؛ ساياھەت ستاتىستىكا خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ؛ ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ساياھەت كارخانىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈم كۆرسەتكۈچىنى بېكىتىش، باھالاش ۋە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى مال ـ مۈلۈكنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولىدۇ؛ ئورگاننىڭ مالىيە خىزمىتىنى باشقۇرىدۇ؛ ئىچكى مۇپەتتىشلىك خىزمىتىگە ۋە ئىدارە سىستېمىسىدىكى ئىجتىمائىي گۇرۇھلارنىڭ سېتىۋېلىش كۈچىنى، مەخسۇس كونترول قىلىنىدىغان تاۋارلارنى تەكشۈرۈش، مەلۇم قىلىپ تەستىقلىتىشقا مەسئۇل بولىدۇ؛ مالىيە تارماقلىرى بىلەن بىرلىكتە ساياھەت تەرەققىيات فوندىنى باشقۇرىدۇ.

(3) بازار تەرەققىياتى باشقارمىسى

ئاپتونومىمىزنىڭ خەلقئارالىق مېھمان بازىرىنى ئېچىش

ئومۇمىي پىلانىنى تۈزىدۇ ھەمدە يولغا قويۇشنى تەشكىللەيدۇ؛ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پۈتكۈل ساياھەت ئوبرازىنى دۆلەت ئىچىدە ۋە سىرتقا تەشۋىق قىلىشقا مەسئۇل بولىدۇ؛ خەلقئارالىق ساياھەت كۆرگەزمىسى، يەرمەنكە، كۆرگەزمە قىلىپ سېتىش ئىشلىرىغا قاتنىشىش خىزمىتىنى تەشكىللەشكە مەسئۇل بولىدۇ؛ ساياھەت مەھسۇلاتلىرىنى ئېچىشنى تەشكىللەيدۇ، ساياھەت كارخانىلىرىنىڭ ئىچكى، تاشقى بازارلارنى ئېچىشىغا ھەمدە تاشقى بازارلارغا كىرىشكە يېتەكچىلىك قىلىدۇ، ئاپتونوم رايونىمىز ساياھەت كەسپىنىڭ چەت ئەلدە تۇرۇشلۇق ئاپپاراتلىرىنى تەكشۈرۈپ مەلۇم قىلىش، باشقۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ، چەت ئەل ساياھەت تارماقلىرى ۋە خەلقئارا ساياھەت تەشكىلاتلىرى بىلەن بولغان ھەمكارلىق ۋە ئالماشتۇرۇشقا، ئالاھىدە ساياھەت ئۆمىكىنى مەلۇم قىلىپ تەستىقلىتىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ.

(4) كەسپىي باشقارما

ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ساياھەت ئىقتىسادىي پائالىيىتىدىكى چوڭ - چوڭ مەسىلىلەرنى ماسلاشتۇرىدۇ؛ ساياھەت قاتناش - ترانسپورتى، بىخەتەر باشقۇرۇش ۋە ساياھەت بىخەتەرلىكىگە ئائىت ھادىسىلەردىن قۇتقۇزۇش ۋە ئۇنى بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ؛ ساياھەت سۇغۇرتىسىنى يولغا قويۇش، تەكشۈرۈش، نازارەت قىلىشقا مەسئۇل بولىدۇ؛ ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە ساياھەت تاۋارلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش سىياسەتلىرىنى ۋە تەدبىرلىرىنى تۈزىدۇ ھەمدە ئۇنى يولغا قويۇشقا يېتەكچىلىك قىلىدۇ؛ ساياھەت كەسپىدىكى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

(5) كارخانا باشقارمىسى

ئاپتونوم رايوندىكى ساياھەت كەسپى، كارخانا ئورۇنلىرىنىڭ كەسپىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولىدۇ؛ رايونىمىز تەۋەسىدىكى 1 -، 2 - تۈردىكى ساياھەت ئىدارىلىرى (شىركىتى) نى مەلۇم قىلىش ۋە 3 - تۈردىكى ساياھەت ئىدارىلىرىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ؛ 4، 5 يۇلتۇز دەرىجىلىك سارايلارنى مەلۇم قىلىش ۋە 3 يۇلتۇز دەرىجىلىكتىن تۆۋەن چەت ئەللىك مېھمانلارغا ئېچىۋېتىلگەن سارايلارنىڭ يۇلتۇز دەرىجىسىنى باھالاپ بېكىتىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ؛ ساياھەت كارخانىلىرىنىڭ ئورنىنى بېكىتىش ۋە ساياھەت باھاسى خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ؛ ساياھەت ۋېزىسى ئۇقتۇرۇشىنى بىر تۇتاش باشقۇرىدۇ، جۇڭگو پۇقرالىرىنىڭ دۆلەت چېگرىسىدىن چىقىپ ساياھەت قىلىشىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولىدۇ؛ ساياھەتكە دائىر ئەرزلەرنى بىر تەرەپ قىلىدۇ؛ ساياھەت كەسپلىرىنىڭ يىللىق تەكشۈرۈش، سۈپەت كاپالەت سوممىسىنى باشقۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ.

(6) كادىرلارنى تەربىيىلەش باشقارمىسى

تۈرلۈك ساياھەت ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش پىلانىنى تەتقىق قىلىپ تۈزىدۇ ھەمدە ئۇنى يولغا قويۇشنى تەشكىللەيدۇ؛ قارمىقىدىكى ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسى ۋە تەشكىلىي قۇرۇلۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇپ، ئورگان كادىرلىرى، ئاپپاراتى، شتاتى، مائاش ۋە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان پېشقەدەم كادىرلار خىزمىتىنى باشقۇرىدۇ؛ ئاپتونوم رايوندىكى ساياھەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنى تەربىيىلەش، يېتىشتۈرۈش خىزمىتىنى باشقۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىشقا مەسئۇل بولىدۇ؛ ساياھەت مەكتەپلىرىنىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە ياردەملىشىدۇ؛ ساياھەت بويىچە يېتىشتۈرۈش مەركىزىنىڭ خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

ئورگان پارتكومى

ئىدارە ئورگىنى ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ پارتىيە، ئاممىۋى خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ.

ئىنتىزام تەكشۈرۈش (رېۋىزىيە) گۇرۇپپىسى

ئىدارە ئورگىنى ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش ۋە مەمۇرىي رېۋىزىيە خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ.

**4. خادىملار شتاتى ۋە رەھبەرىي كادىر سانى**

ئاپتونوم رايونلۇق ساياھەت ئىدارىسىنىڭ ئورگان مەمۇرىي شتاتى 40 بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە نازىر دەرىجىلىك رەھبەرىي كادىر 5 نەپەر (ئىنتىزام تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى باشلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، باشقارما باشلىقى دەرىجىلىك رەھبەرىي كادىر 15 نەپەر بولىدۇ.

بەلگىلىمە بويىچە پېشقەدەم كادىرلار خىزمىتىگە ئايرىم 2 شتات بېرىلدى.

ئورگان تەڭشەلگەندىن كېيىن 5 نەپەر ئارقا سەپ تەمىناتى مۇلازىمەت خادىمى كەسپىي شتاتقا قوشۇۋېتىلدى، سوممىسى تولۇق بېرىلىدۇ، ئىدارە ئىشخانىسى باشقۇرىدۇ.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتىنىڭ فۇنكسىيىسى، ئىچكى ئاپپاراتى ۋە خادىملار شتاتى توغرىسىدىكى لايىھەنى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش

ش ھ ب 〔1996〕 32 - نومۇرلۇق 1996 - يىل 3 - ئاينىڭ 20 - كۈنى

ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتىگە، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىگە، مەمۇرىي مەھكىمىلەرگە، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ نارمىقلىرى ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق ئاپپاراتلىرىغا:

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتىنىڭ فۇنكسىيىسى، ئىچكى ئاپپاراتى ۋە خادىملار شتاتى لايىھەسى» نى ئاپتونوم رايونلۇق ئاپپارات ئىسلاھاتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى تەكشۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلىدى، ئۇنى سىلەرگە تارقاتتۇق.

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتىنىڭ فۇنكسىيىسى، ئىچكى ئاپپاراتى ۋە خادىملار شتاتى لايىھەسى

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، ئورگان ئارقا سەپ ئورۇنلىرى ۋە كەسپىي ئورۇنلاردا ئاپپارات ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى پىكرىنى تارقىتىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش» (ش پ 〔1995〕 25 - نومۇرلۇق) نىڭ روھىغا ئاساسەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل - يېزىق كومىتېتىنىڭ فۇنكسىيىسى، ئىچكى ئاپپاراتى ۋە خادىملار شتاتى تۆۋەندىكىدەك بېكىتىلدى.

### 1. فۇنكسىيىنىڭ ئۆزگىرىشى

ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتى تىل - يېزىق خىزمىتىنى جەمئىيەت بويىچە ماكرولۇق باشقۇرۇش فۇنكسىيىسىنى، مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتىگە دائىر سىياسەت، قانۇن - نىزام قۇرۇلۇشى ۋە تەشۋىقىي تەربىيە خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مىللەتلەر تىل - يېزىقىنىڭ قېلىپلىشىشى، ئۆلچەملىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشى؛ كونكرېت ئىشلارغا بولغان باشقۇرۇشنى ئازايتىپ، مىللەتلەر تىل - يېزىقىدىكى ئۇچۇرلارنى كومپيۇتېردا بىر تەرەپ قىلىش، ئاتالغۇلارنى قېلىپلاشتۇرۇش - بېكىتىش، لۇغەت تۈزۈش، مىللەتلەر تىل - يېزىق ھەققىدىكى ئەمەلىي تەتقىقات، ئاساسىي نەزەرىيە تەتقىقاتى، قوش تىلدا ئوقۇتۇش تەتقىقاتى، تەرجىمانلارنى تەربىيەلەش قاتارلىق كونكرېت تېخنىكىلىق خىزمەتلەر ۋە مۇلازىمەت خىزمەتلىرىنى ئۆزىگە قاراشلىق كەسپىي ئورۇنلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشى كېرەك.

### 2. ئاساسىي مەسئۇلىيىتى

ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاپتونوم رايون بويىچە تىل - يېزىق خىزمىتىنى باشقۇرىدىغان فۇنكسىيىلىك تارمىقى. ئۇنىڭ ئاساسىي مەسئۇلىيىتى تۆۋەندىكىچە:

1) پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتىگە دائىر فاڭجېن، سىياسەت، قانۇن - نىزاملىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەشۋىق قىلىدۇ ۋە ئىزچىللاشتۇرىدۇ. پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتىگە دائىر پىلان ۋە تەدبىرلىرىنى مۇھاكىمە قىلىپ تۈزۈپ چىقىدۇ، «ئاپتونوم رايوننىڭ تىل - يېزىق خىزمىتى نىزامى» دا بەلگىلەنگەن تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرىدۇ، تىل - يېزىقنى قوللىنىش، باشقۇرۇشقا ئائىت كونكرېت سىياسەت، بەلگىلىمىلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

2) تىل - يېزىق خىزمىتىگە دائىر چوڭ - چوڭ مەسىلىلەرنى مۇزاكىرىلىشىپ ھەل قىلىدۇ، جايلار ۋە تارماقلارنىڭ تىل - يېزىق سىياسىتىنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالى ۋە تىل - يېزىق خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىپ ۋە تەكشۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاقتىدا دوكلات يوللايدۇ ۋە تەكلىپ بېرىدۇ.

3) ئاساسىي قانۇن ۋە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، تىل - يېزىق جەھەتتىكى قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ھۆججەتنى مىللىيچە، خەنزۇچە 2 خىل تىلدا ماڭغۇزۇش ۋە مىللىيچە، خەنزۇچە 2 خىل تىلنى قوللىنىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەرنىڭ ئىجراسىنى قانۇن بويىچە نازارەت قىلىدۇ ۋە يېزىقنىڭ جەمئىيەتتىكى ئىشلىتىلىشىنى باشقۇرىدۇ.

4) ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە مىللەتلەر تىل - يېزىقنى قېلىپلاشتۇرۇشقا، قېلىپلاشتۇرۇش ئۆلچەملىرىنى مۇھاكىمە قىلىپ تۈزۈشكە، ئومۇملاشتۇرۇش پىلانى ۋە تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا، مەملىكەت بويىچە ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلىدىغان پۇتۇڭخۇانى ئومۇملاشتۇرۇشقا ۋە پۇتۇڭخۇادا سۆزلەش سەۋىيىسى سىناش خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە مەسئۇل بولىدۇ.

5) مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، مىللەتلەرئارا تىل - يېزىق ئۆگىنىشكە رىغبەتلەندۈرۈش ۋە يېتەكچىلىك قىلىشنى ئاكتىپ تەشەببۇس قىلىپ، كونكرېت تەدبىرلەر ۋە تەقدىرلەش، مۇكاپاتلاش چارىلىرىنى تۈزۈپ چىقىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - يېزىقىدىكى تەرجىمە خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ، تەرجىمانلار جەمئىيىتىنىڭ خىزمىتىنى باشقۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ. ئالاقىدار تارماقلارغا ماسلىشىپ، تەبىئىي يەر ئاتالغۇلىرى، ئادەم ئىسىملىرى ۋە يەر ناملىرىنى بېكىتىدۇ.

6) ئاپتونوم رايونىمىزدا ۋە مەملىكەت ئىچى - سىرتىدا مىللەتلەر تىل-يېزىقى تەتقىقاتىغا ئالاقىدار نوقتىلىق ئىلمىي تەتقىقات تۈرلىرى بويىچە ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش پائالىيىتىنى ئۇيۇشتۇرىدۇ. ئىلمىي ئالماشتۇرۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرىدۇ.

7) ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تاپشۇرغان باشقا خىزمەتلەرنى بېجىرىدۇ.

### 3. ئىچكى ئاپپاراتى

يۇقىرىدىكى مەسئۇلىيەتلەرگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتىدا 3 فۇنكسىيىلىك باشقارما (ئىشخانا) ۋە ئورگان پارتكومى تەسىس قىلىنىدۇ.

1) ئىشخانا

كومىتېت رەھبەرلىرىگە ياردەملىشىپ كۈندىلىك خىزمەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىدۇ. كاتىباتلىق، ئۇچۇر، ئارخىپ، مەخپىيەتلىكنى ساقلاش، مالىيە، ئەرزىيەت، يىغىن ۋە كۈتۈۋېلىش خىزمەتلىرىگە، ئورگاننىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىشلىرى بويىچە ئۇنىۋېرسال ماسلاشتۇرۇش، ھەيدەكچىلىك قىلىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ. ئارقا سەپ مۇلازىمەت مەركىزىنى ماسلاشتۇرۇپ باشقۇرىدۇ. كومىتېت ئورگىنى ۋە كەسپىي ئورۇنلارنىڭ كادىرلار ئىشلىرى ۋە شتات ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولىدۇ.

2) ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - يېزىقى باشقارمىسى

پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتىگە دائىر فاڭجېن، سىياسەت ۋە قانۇن - نىزاملىرىنى تەشۋىق قىلىدۇ ھەم ئىزچىللاشتۇرىدۇ، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - يېزىقىنى ئىشلىتىش ۋە باشقۇرۇشقا ئالاقىدار نىزاملارنى تۈزۈپ چىقىدۇ ھەم ئۇنىڭ ئىجراسىنى نازارەت قىلىدۇ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل- يېزىق خىزمىتى بويىچە ئوتتۇرا، ئۇزاق مەزگىللىك پىلان ۋە تىل، تەرجىمە خادىملىرىنى تەربىيىلەش پىلانىنى تۈزۈپ چىقىدۇ، جايلار، تارماقلارنىڭ ھۆججەتنى مىللىيچە، خەنزۇچە 2 خىل يېزىقتا ماڭغۇزۇشنى، جەمئىيەتنىڭ يېزىق ئىشلىتىشىنى تەكشۈرىدۇ ۋە ئۇنى نازارەت قىلىدۇ، مىللەتلەرئارا تىل- يېزىق ئۆگىنىشنى تەشكىللەيدۇ ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ، كونكرېت تەدبىرلەر ۋە تەقدىرلەش، مۇكاپاتلاش چارىلىرىنى تۈزۈپ چىقىدۇ، تەرجىمانلار جەمئىيىتىنىڭ خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

(3) خەنزۇ تىل - يېزىقى باشقارمىسى

ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە خەنزۇ تىل - يېزىق خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ، مەملىكەت بويىچە ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلىدىغان پۇتۇڭخۇانى ۋە دۆلەت قېلىپلاشتۇرغان خەنزۇچە خەتلەرنى ئومۇملاشتۇرىدۇ، تەجرىبىلەرنى ئالماشتۇرۇش ۋە كېڭەيتىش ئىشىنى تەشكىللەيدۇ، پۇتۇڭخۇا سەۋىيىسىنى سىناش خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، جەمئىيەتنىڭ ئىشلىتىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىدۇ ۋە تەكشۈرىدۇ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خەنزۇ تىل - يېزىق خىزمىتىگە دائىر قانۇن - نىزاملار ۋە ئوتتۇرا، ئۇزاق مەزگىللىك پىلانىنى تۈزۈپ چىقىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ ئىجراسىنى نازارەت قىلىدۇ.

ئورگان پارتكومى: كومىتېت ئورگىنى بىۋاسىتە قاراشلىق كەسپىي ئورۇنلارنىڭ پارتىيە خىزمىتى ۋە ئاممىۋى خىزمىتىگە، ئىنتىزام تەكشۈرۈش، مەمۇرىي رېۋىزىيە خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ.

### 4. خادىملار شتاتى ۋە رەھبەرلەر سانى

ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتىنىڭ مەمۇرىي شتاتى 34 بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە كومىتېت رەھبەرلىرى (نازىر دەرىجىلىك) نىڭ سانى 4، باشقارما باشلىقى دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ سانى 8 بولىدۇ.

ئالاقىدار بەلگىلىمىگە ئاساسەن، پېشقەدەم كادىرلارنى باشقۇرغۇچى خادىملار شتاتى ئايرىم ھالدا 2 قىلىپ بېكىتىلدى.

### 5. ئارقا سەپ مۇلازىمەت ئورگىنى ۋە كەسپىي ئورۇنلار

1) ئارقا سەپ مۇلازىمەت ئورگىنى

ئورگان مۇلازىمەت مەركىزى قۇرۇلۇپ، «مەركەز» ئورگانغا بىۋاسىتە قاراشلىق كەسپىي ئورۇن بولىدۇ. كەسپىي شتاتى 8 بولۇپ، مەمۇرىي دەرىجىسى (ناھىيە) باشقارما دەرىجىلىككە تەڭ بولىدۇ، 2 نەپەر رەھبەر قويۇلىدۇ. پەرقلىق سومما خام چوتى بويىچە باشقۇرۇلىدۇ.

ئورگان مۇلازىمەت مەركىزىنىڭ مۇلازىمەت ئوبيېكتى ۋە ئاساسىي مەسئۇلىيىتى — كومىتېت ئورگىنى ۋە ئۇنىڭغا بىۋاسىتە قاراشلىق كەسپىي ئورۇنلارنىڭ خىزمىتى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇشى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشتىن ئىبارەت.

2) كەسپىي ئورۇنلار

مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتىدا ھازىر خىراجىتى تولۇق بېرىلىدىغان 6 كەسپىي ئورۇن بار بولۇپ، ئومۇمىي شتاتى 75، ئىسلاھات روھىغا ئاساسەن، خادىملار شتاتىدىن 5 ى قىسقارتىلىدۇ، كومىتېتقا قاراشلىق كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئاپپاراتى، شتاتى قايتىدىن مۇنداق بېكىتىلدى:

(1) شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىدىكى ئاتالغۇلارنى بېكىتىش كومىتېتى ئىشخانىسى خىراجىتى تولۇق بېرىلىدىغان ناھىيە دەرىجىلىك كەسپىي ئورۇن بولۇپ، كەسپىي شتاتى 12، رەھبەرلەر سانى 3 بولىدۇ.

(2) ئىلگىرىكى ئىلمىي تەتقىقات باشقارمىسىنىڭ نامى ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل - يېزىق تەتقىقات ئىشخانىسى دەپ ئۆزگەرتىلىدۇ، ئۇ خىراجىتى تولۇق بېرىلىدىغان ناھىيە دەرىجىلىك كەسپىي ئورۇن بولۇپ، كەسپىي شتاتى 12، رەھبەرلەر سانى 3 بولىدۇ.

(3) ئىلگىرىكى لۇغەت ئىشخانىسىنىڭ نامى ئاپتونوم رايونلۇق لۇغەتچىلىك خىزمىتى ئىشخانىسى دەپ ئۆزگەرتىلىدۇ، ئۇ خىراجىتى تولۇق بېرىلىدىغان ناھىيە دەرىجىلىك كەسپىي ئورۇن بولۇپ، كەسپىي شتاتى 11، رەھبەرلەر سانى 3 بولىدۇ.

(4) «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنال نەشرىياتى (5 خىل يېزىقتا چىقىدۇ) خىراجىتى تولۇق بېرىلىدىغان ناھىيە دەرىجىلىك كەسپىي ئورۇن بولۇپ، كەسپىي شتاتى 19، رەھبەرلەر سانى 3 بولىدۇ.

(5) ئاپتونوم رايونلۇق خۇدۇم موڭغۇل يېزىقىنى ئومۇملاشتۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى خىراجىتى تولۇق ئاجرىتىپ بېرىلىدىغان ناھىيە دەرىجىلىك كەسپىي ئورۇن بولۇپ، كەسپىي شتاتى 7، رەھبەرلەر سانى 2 بولىدۇ.

تەرجىمانلار جەمئىيىتىگە ئايرىم 5 كەسپىي شتات بېرىلىدۇ. تەزكىرە خادىملىرىنىڭ شتاتى 4 بولىدۇ (مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتى ئىشخانىسىدا بولىدۇ).

مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتىنىڭ جەمئىي كەسپىي شتاتى 70 بولۇپ، ئۇنىڭغا پۈتۈنلەي كەسپىي خادىملار سەپلىنىدۇ.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خىمىيە سانائىتى نازارىتىنىڭ فۇنكسىيىسى، ئىچكى ئاپپاراتى ۋە خادىملار شتاتى توغرىسىدىكى لايىھەنى تارقىتىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش

ش ھ ب [1996] 38 ـ نومۇرلۇق 1996 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى

ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتىگە، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىگە، مەمۇرىي مەھكىمىلەرگە، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تارماقلىرىغا ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق ئاپپاراتلىرىغا:

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خىمىيە سانائىتى نازارىتىنىڭ فۇنكسىيىسى، ئىچكى ئاپپاراتى ۋە خادىملار شتاتى توغرىسىدىكى لايىھە»نى ئاپتونوم رايونلۇق ئاپپارات ئىسلاھاتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى تەكشۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلىدى، ئۇنى سىلەرگە تارقاتتۇق.

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خىمىيە سانائىتى نازارىتىنىڭ فۇنكسىيىسى، ئىچكى ئاپپاراتى ۋە خادىملار شتاتى توغرىسىدىكى لايىھە

«ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، ئارقا سەپ تەمىنات ئورۇنلىرى ۋە كەسپىي ئورۇنلاردا ئاپپارات ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى پىكرىنى تارقىتىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش» (ش پ [1995] 25 ـ نومۇرلۇق ھۆججەت) نىڭ روھىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق خىمىيە سانائىتى نازارىتىنىڭ فۇنكسىيىسى، ئىچكى ئاپپاراتى ۋە خادىملار شتاتى تۆۋەندىكىچە بېكىتىلدى:

### 1. فۇنكسىيىنى ئۆزگەرتىش

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش تەلىپى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خەلق ئىگىلىكى، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ كەلگۈسى نىشانىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق خىمىيە سانائىتى نازارىتى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خىمىيە سانائىتى ساھەسى (جۈملىدىن نېفىت خىمىيە سانائىتى، كۆمۈر خىمىيە سانائىتى، تۇز خىمىيە سانائىتى، نەپىس خىمىيە سانائىتى قاتارلىقلار) گە بولغان ماكرولۇق باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، كەسىپنى ئۇنىۋېرسال تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىز خىمىيە سانائىتى ساھەسىنىڭ تەرەققىيات ستراتېگىيىسى، پىلانى، ئۇنىڭغا دائىر سىياسەت ۋە قانۇن ـ نىزاملارنى مۇزاكىرىلىشىپ تۈزۈپ چىقىش خىزمىتىنى كۈچەيتىشى؛ ئۇچۇر ئارقىلىق يېتەكچىلىك قىلىش، ساھە بويىچە ماسلاشتۇرۇش، بازار ئېچىش، دۆلەت مال ـ مۈلكىنىڭ قىممىتىنى ساقلاش، قىممىتىنى ئاشۇرۇش بويىچە نازارەت قىلىش ۋە تەكشۈرۈش فۇنكسىيىسىنى كۈچەيتىشى؛ دۆلەت تەكشۈپ تىزگىنلەيدىغان ئاز ساندىكى مەھسۇلاتلاردا بۇيرۇق خاراكتېرلىك پىلاننى يولغا قويغاندىن سىرت، باشقا ئىشلەپچىقىرىش پىلانىنى بازار ئېھتىياجىغا قاراپ ئورۇنلاشتۇرۇش ھوقۇقىنى كارخانىغا بېرىشى؛ ھۆكۈمەت بىلەن كارخانىنى، ھۆكۈمەت بىلەن كەسپىي ئورۇنلارنى ئايرىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇپ، كارخانىغا تەئەللۇق بولغان ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك باشقۇرۇش ھوقۇقىنى كارخانىغا بېرىشى، كارخانا ۋە كەسپىي ئورۇنلارنىڭ كونكرېت ئىشلىرىنى بىۋاسىتە باشقۇرماسلىقى

كېرەك.

## 2. ئاساسلىق مەسئۇلىيىتى

ئاپتونوم رايونلۇق خىمىيە سانائىتى نازارىتى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاپتونوم رايون بويىچە خىمىيە سانائىتىگە مەسئۇل فۇنكسىيىلىك تارمىقى. ئۇنىڭ ئاساسلىق مەسئۇلىيىتى مۇنداق:

1) دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ بىر تۇتاش پىلانى ۋە كەسپ سىياسىتىگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىز خىمىيە سانائىتىنىڭ تەرەققىيات ستراتېگىيىسى ۋە ئوتتۇرا، ئۇزاق مەزگىللىك تەرەققىيات ئومۇمىي پىلانى (جۈملىدىن رايونلار خىمىيە سانائىتى ئومۇمىي پىلانى، ئىمپورت - ئېكسپورت ئومۇمىي پىلانى) نى مۇزاكىرە قىلىپ تۈزۈپ چىقىدۇ؛ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خىمىيە سانائىتى ساھەسى بويىچە ئۇنىۋېرسال تەڭپۇڭلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە مەسئۇل بولىدۇ.

2) ئاپتونوم رايونىمىزدا يېڭىدىن قۇرۇلىدىغان خىمىيە سانائىتى تۈرلىرى ۋە خىمىيە سانائىتى تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرلىرىنى تەكشۈرۈش، نازارەت قىلىش، يولغا قويۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ؛ ئالاقىدار تارماقلارغا ھەمكارلىشىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خىمىيە سانائىتى ئىشلەپچىقىرىش بايلىقى (جۈملىدىن مەركەز شىنجاڭغا ئايرىپ قالدۇرىدىغان نېفىت تەبىئىي گاز) نى تەقسىم قىلىش پىلانىنى ۋە خىمىيە سانائىتى ئىشلەپچىقىرىش، قۇرۇلۇشىنىڭ يىللىق پىلانىنى تۈزۈپ چىقىدۇ ھەمدە يولغا قويۇشنى تەشكىللەيدۇ.

3) ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خىمىيە سانائىتى كەسپىنى راۋاجلاندۇرۇشقا دائىر سىياسەت - تەدبىرلەرنى مۇزاكىرىلىشىپ تۈزۈپ چىقىدۇ؛ ئاپتونوم رايونىمىز خىمىيە سانائىتى ساھەسىنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، يېزا - بازار خىمىيە سانائىتى كارخانىلىرى ۋە چەت ئەل مەبلىغى بىلەن قۇرۇلغان خىمىيە سانائىتى كارخانىلىرىغا ماكرو جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

4) ئاپتونوم رايونىمىز خىمىيە سانائىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش ئەھۋالىنى ئومۇملاشتۇرۇپ مۇھاكىمە قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە خىمىيە سانائىتى ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇشىدىكى چوڭ - چوڭ مەسىلىلەرنى ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلىدۇ؛ ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە، خىمىيە سانائىتى بازىرىنى يېتىلدۈرۈش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەيدۇ؛ ئاپتونوم رايونىمىز خىمىيە سانائىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۇچۇرى، ئىقتىساد تېخنىكا ئۇچۇرى ۋە بازار تەمىنات - تەلەپ ئۇچۇرلىرىنى توپلاش، تەھلىل قىلىش، رەتلەش، ئېلان قىلىش ئارقىلىق ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ تەدبىر بەلگىلىشى ئۈچۈن ئاساس يارىتىپ بېرىدۇ.

5) ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە باج يىغىش، باھا، كرېدىت قاتارلىق ئىقتىسادىي پىشاڭلاردىن پايدىلىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىز خىمىيە سانائەت ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەت يۆنىلىشى ۋە مەبلەغ سېلىش يۆنىلىشىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ ۋە ئۇنى تەڭشەپ تىزگىنلەيدۇ، خىمىيە سانائىتىنىڭ كەسپىي قۇرۇلمىسى، مەھسۇلات قۇرۇلمىسى ۋە كارخانا قۇرۇلمىسىنى مۇۋاپىقلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ؛ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تايانچلىق خىمىيە سانائىتى كارخانىلىرىدىكى دۆلەت مۈلكىنىڭ قىممىتىنى ساقلاش، قىممىتىنى ئاشۇرۇش ئىشلىرىنى نازارەت قىلىدۇ ۋە تەكشۈرىدۇ.

6) ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى خىمىيە سانائىتى كارخانىلىرىنىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش، مەھسۇلات سۈپىتى، ئۆلچەم بىرلىكى، ئېنېرگىيە تېجەش، سەرپىياتنى تۆۋەنلىتىش ۋە سانائەت تازىلىقى، مۇھىت ئاسراش، ئەمگەك مۇھاپىزىتى قاتارلىق خىزمەتلىرىنى نازارەت قىلىدۇ ۋە تەكشۈرىدۇ؛ ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسىنى تارقىتىش ۋە خەتەرلىك خىمىيىلىك بۇيۇملارنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولىدۇ.

7) دۆلىتىمىز ۋە چەت ئەللەرنىڭ خىمىيە سانائىتىدىكى تېخنىكا تەرەققىيات يۆنىلىشىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خىمىيە سانائىتى كەسپىگە دائىر تېخنىكا تەرەققىيات ئومۇمىي پىلانى ۋە كۆرسەتكۈچىنى تۈزۈپ چىقىدۇ؛ چوڭ - چوڭ پەن تەتقىقات تۈرلىرىنى يولغا قويۇش، مۇھىم يېڭى مەھسۇلاتلارنى يارىتىش، يېڭى تېخنىكا، يېڭى ئۈسكۈنىلەر بويىچە ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش، كىرگۈزۈلگەن تېخنىكىلارنى ئۆزلەشتۈرۈش ئىشلىرىنى تەشكىللەيدۇ؛ ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە تەدبىقلاش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەيدۇ.

8) ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە خىمىيە سانائىتى ساھەسىنىڭ تاشقى ئالاقە، تاشقى ئىقتىساد - تېخنىكا، سودا ھەمكارلىقى ۋە ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىنى تەشكىللەپ ماسلاشتۇرىدۇ؛ ئالاقىدار خەلقئارا ئەھدىنامىلەرگە ئەمەل قىلىشنى سىستېما بويىچە باشقۇرىدۇ.

9) كەسپىي ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش ئومۇمىي پىلانىنى تۈزۈپ چىقىپ، خىمىيە سانائىتى ساھەسىدىكى ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى تەربىيىلەش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

10) ئاپتونوم رايونىمىز خىمىيە سانائىتى ساھەسىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە خىمىيە سانائىتى كەسپىي جەمئىيەتلىرى، ئىلمىي جەمئىيەتلىرى، تەتقىقات جەمئىيەتلىرىنىڭ خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

11) ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تاپشۇرغان باشقا ۋەزىپىلەرنى ئورۇندايدۇ.

## 3. ئىچكى ئاپپاراتى

يۇقىرىدىكى خىزمەت مەسئۇلىيىتىگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق خىمىيە سانائىتى نازارىتىدە 8 ئاپپارات تەسىس قىلىنىدۇ.

1) ئىشخانا

نازارەتنىڭ خىزمەت پىلانى ۋە نىشانىنى تۈزۈشنى تەشكىللەيدۇ؛ نازارەت ئورگىنىنىڭ چوڭ - چوڭ پارتىيە ئىشلىرى، مەمۇرىي پائالىيەتلىرىنى ماسلاشتۇرىدۇ، چوڭ - چوڭ يىغىنلارنى تەشكىللەش، ئاساسلىق ھۆججەت، سۆزلەرنى تەييارلاش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ؛ ئورگاننىڭ ئاممىۋى مۇناسىۋەت، كۈتۈۋېلىش، ئەرزىيەت، ھەيدەكچىلىك قىلىش، تەكشۈرۈش ئىشلىرى ۋە خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ تەكلىپلىرىنى بېجىرىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ؛ نازارەت ئورگىنىنىڭ ماتېرىيال - ئارخىپلىرى، مۇھىم خاتىرىلىرىنى ساقلاش، مەخپىيەتلىك ساقلاش ۋە پىلانلىق تۇغۇت خىزمەتلىرىگە مەسئۇل بولىدۇ ھەمدە نازارەت قارمىقىدىكى ئورۇنلارنىڭ بۇ خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ. نازارەت ئورگىنىنىڭ مەمۇرىي ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ؛ نازارەت ئورگىنىنىڭ مال - مۈلكىنى نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ، نازارەت ئورگىنى مۇلازىمەت مەركىزىنىڭ خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

2) پىلان - قۇرۇلۇش باشقارمىسى

ئاپتونوم رايونىمىز خىمىيە سانائىتىنىڭ تەرەققىيات ستراتېگىيىسى، ئوتتۇرا، ئۇزاق مەزگىللىك تەرەققىيات ئومۇمىي پىلانى ۋە كەسپ سىياسىتىنى مۇھاكىمە قىلىپ تۈزۈپ چىقىشنى تەشكىللەيدۇ، ئاپتونوم رايونىمىزدا يېڭىدىن قۇرۇلىدىغان خىمىيە سانائىتى قۇرۇلۇش تۈرلىرى، خىمىيە سانائىتى ئىچىدىكى ئۆزگەرتىش تۈرلىرىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچلۇق خىزمەتلىرىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىپ ۋە ماسلاشتۇرۇپ، تەكشۈرۈش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ ھەمدە يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىدۇ؛ ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خىمىيە سانائىتى ئىشلەپچىقىرىش بايلىقلىرى (مەركەز شىنجاڭغا قالدۇرىدىغان نېفىت، تەبىئىي گازمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) نى تەقسىملەش پىلانىنى تۈزۈپ چىقىدۇ؛ ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە ئاپتونوم رايونىمىز خىمىيە سانائىتى ساھەسىدىكى چەت ئەل مەبلىغى بىلەن قۇرۇلغان تۈرلەر ۋە خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىمپورت - ئېكسپورت ئومۇمىي پىلانىنى ماسلاشتۇرۇش، باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولىدۇ؛ ئاپتونوم رايونىمىز خىمىيە سانائەت ئۇچۇرلىرىنى، ستاتىستىكىسىنى سىستېما بويىچە باشقۇرىدۇ؛ شىنجاڭ خىمىيە سانائىتى بازىسى قۇرۇش ئىشخانىسىنىڭ كۈندىلىك خىزمەتلىرىگە مەسئۇل بولىدۇ.

3) كەسپىي يېتەكچىلىك باشقارمىسى

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى خىمىيە سانائىتى كارخانىلىرىغا ماكرو جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىپ، ئالاقىدار مەسىلىلەرنى بىر تۇتاش پىلانلاپ ماسلاشتۇرىدۇ؛ ئاپتونوم رايونىمىز خىمىيە سانائىتى ساھەسىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە كەسپىي باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش پىكرى ۋە تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ؛ خىمىيە سانائىتى ساھەسىنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ؛ ئاپتونوم رايونىمىز خىمىيە سانائىتى ساھەسىنىڭ تاشقى ئالاقە، تاشقى ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىقى، ئالماشتۇرۇش ئىشلىرى ۋە ئەقلىي كۈچ كىرگۈزۈش خىزمەتلىرىگە مەسئۇل بولىدۇ، نازارەت ئورگىنى ۋە ئۇنىڭ قارمىقىدىكى ئورۇنلارنىڭ تاشقى ئىشلار خىزمىتىنى سىستېما بويىچە باشقۇرىدۇ؛ خىمىيە سانائىتى جەمئىيىتى، ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

4) ئىشلەپچىقىرىشنى ماسلاشتۇرۇش باشقارمىسى

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خىمىيە سانائىتى ئىشلەپچىقىرىشىدىكى چوڭ - چوڭ مەسىلىلەرنى ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلىدۇ؛ ئاپتونوم رايونىمىز خىمىيە سانائىتىنىڭ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش پىلانىنى نازارەت قىلىش، يولغا قويۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ؛ خىمىيە سانائىتى كارخانىلىرىنىڭ ئېنېرگىيىنى تېجەپ سەرپىياتنى تۆۋەنلىتىشىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ؛ ئاپتونوم رايون ۋە مەملىكەتنىڭ خىمىيە سانائەت ئىشلەپچىقىرىش ئۇچۇرى، ئىقتىساد - تېخنىكا ئۇچۇرى، بازاردىكى تەمىنات - تەلەپ ئۇچۇرلىرىنى توپلاش، رەتلەش، تەھلىل قىلىش، ئېلان قىلىش ئارقىلىق رەھبەرلەرنىڭ تەدبىر بەلگىلىشى ئۈچۈن ئاساس يارىتىپ بېرىدۇ؛ ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ئاپتونوم رايونىمىز خىمىيە سانائەت مەھسۇلاتلىرى بازىرىنى قۇرۇپ چىقىش، يېتىلدۈرۈش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش ئىشلىرىنى تەشكىللەپ ماسلاشتۇرىدۇ.

5) تېخنىكا نازارەتچىلىكى باشقارمىسى

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خىمىيە سانائىتى ساھەسىدىكى خىمىيە سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئۆلچىمى، خىمىيە سانائىتى تېخنىكىسىنى نازارەت قىلىشقا دائىر قانۇن - نىزام ۋە قائىدىلەرنى يولغا قويۇشقا يېتەكچىلىك قىلىدۇ ۋە ئۇنى نازارەت قىلىدۇ؛ خىمىيە سانائىتى ساھەسىنىڭ ئۇسكۈنە - ئېنېرگىيە، بېسىملىق قاچا ئەسۋابلىرى، ئۆلچەم بىرلىكلىرى، مەھسۇلات سۈپىتى، سانائەت تازىلىقى ۋە بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى نازارەت قىلىدۇ؛ خىمىيە سانائىتى ساھەسىدىكى پەۋقۇلئاددە چوڭ يارىلىنىش، ئۆلۈش ھادىسىلىرى، جىددىي خاراكتېرلىك زەھەرلىنىش ھادىسىلىرى، چوڭ - چوڭ سۈپەت ھادىسىلىرىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىدۇ، خىمىيە سانائىتى ساھەسىدىكى جەمئىيەتكە زىيان يەتكۈزىدىغان ھادىسىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشقا قاتنىشىدۇ؛ خىمىيە سانائىتى ساھەسىدىكى دۆلەت بىخەتەرلىكى، ئوتتىن مۇداپىئەلە-

نىش، ئوت ئۆچۈرۈشكە دائىر خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك ۋە نازارەتچىلىك قىلىدۇ؛ ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ئىجارەتنامىسىنى تارقىتىش ۋە باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولىدۇ.

6) پەن ـ مائارىپ باشقارمىسى

دۆلىتىمىز ۋە چەت ئەل خىمىيە سانائىتىنىڭ تېخنىكا تەرەققىيات يۈنىلىشىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىدۇ؛ ئاپتونوم رايونىمىز خىمىيە سانائىتى پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ ئوتتۇرا، ئۇزاق مەزگىللىك ئومۇمىي پىلانى ۋە كۆرسەتكۈچىنى مۇھاكىمە قىلىپ تۈزۈپ چىقىدۇ؛ چوڭ ـ چوڭ پەن تەتقىقات تۈرلىرىنى يولغا قويۇش، مۇھىم يېڭى مەھسۇلاتلارنى يارىتىش، يېڭى تېخنىكا، يېڭى ئۈسكۈنىلەر بويىچە ئۆتكەللەرگە ھۇجۇم قىلىش، كىرگۈزۈلگەن تېخنىكىلارنى قوبۇل قىلىپ ئۆزلەشتۈرۈش ئىشلىرىنى تەشكىللەيدۇ؛ خىمىيە سانائىتى كارخانىلىرىنىڭ مۇھىت ئاسراش ئىشلىرىنى نازارەت قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ؛ پەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش، تەدبىقلاشقا مەسئۇل بولۇپ، خىمىيە سانائىتى كارخانىلىرىنىڭ يېڭى تېخنىكىلاردىن پايدىلىنىپ، خىمىيە سانائىتى ساھەسىنىڭ پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە يېتەكچىلىك قىلىدۇ؛ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خىمىيە سانائىتى ئىختىساس ئىگىلىرى تەرەققىيات ئومۇمىي پىلانىنى مۇزاكىرە قىلىپ تۈزۈپ چىقىدۇ؛ خىمىيە سانائىتى ساھەسىدىكى ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى تەربىيىلەش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ؛ ئالاقىدار خەلقئارا ئەھدىنامىلەرنى ئادا قىلىش خىزمىتىنى، خەتەرلىك خىمىيە سانائەت بۇيۇملىرىنى سىستېما بويىچە باشقۇرىدۇ.

7) مالىيە ـ ئىقتىساد باشقارمىسى

ئالاقىدار قانۇن ـ نىزاملارغا ئاساسەن، ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە باج ئېلىش، باھا، كرېدىت قاتارلىق ئىقتىسادىي پىشاڭلاردىن پايدىلىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىز خىمىيە سانائىتى ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تىجارەت يۈنىلىشى ۋە مەبلەغ سېلىش يۈنىلىشىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ، ئۇنى تىزگىنلەيدۇ ۋە تەڭشەيدۇ، خىمىيە سانائىتىنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسى، مەھسۇلات قۇرۇلمىسى ۋە كارخانا قۇرۇلمىسىنى مۇۋاپىقلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ؛ دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تايانچ خىمىيە سانائىتى كارخانىلىرىدىكى دۆلەت مۈلكىنىڭ قىممىتىنى ساقلاش، قىممىتىنى ئاشۇرۇش ئىشلىرىنى نازارەت قىلىدۇ ۋە تەكشۈرىدۇ، بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلاردىكى دۆلەت مۈلكىنى باشقۇرىدۇ؛ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خىمىيە سانائىتى ساھەسىدىكى مالىيە ئۇچۇرلىرىنى توپلاش، رەتلەش، مۇلاھىزە قىلىشقا مەسئۇل بولىدۇ؛ ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق خىمىيە سانائىتى كارخانىلىرىنىڭ ئەمگەك ـ ئىش ھەققىنى ماكرو جەھەتتىن باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولىدۇ؛ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خىمىيە سانائىتى ساھەسىدىكى ئەمگەك ـ ئىش ھەققى ۋە ئىجتىمائىي كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسى خىزمەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

8) سىياسىي باشقارما

نازارەت ئورگىنى ۋە ئۇنىڭغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسى، تەشكىلىي قۇرۇلۇشىغا، كادىرلار ئىشلىرى، ئاپپارات شتاتى، ئىشچى خىزمەتچىلەرگە قارىتىلغان ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمەتلىرىگە مەسئۇل بولىدۇ؛ زاپاس كادىرلارنى باشقۇرىدۇ؛ نۇقتىلىق قۇرۇلۇش، پەن تەتقىقات تۈرلىرىگە كەسپىي تېخنىكا كادىرلىرىنى سەپلەشكە مەسئۇل بولىدۇ؛ ئاپتونوم رايونىمىز خىمىيە سانائىتى ساھەسىنىڭ كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانى خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى بىلەن مەمۇرىي تەپتىش ئىشخانىسىنىڭ ئاپپاراتى بىر، ۋەزىپىسى ئايرىم بولىدۇ، نازارەت ئورگىنى ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش، مەمۇرىي تەپتىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ.

ئورگان پارتكومى: نازارەت ئورگىنى ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ پارتىيە، ئاممىۋى خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ.

## 4. خادىملار شتاتى ۋە رەھبەرلىك ۋەزىپە سانى

ئاپتونوم رايونلۇق خىمىيە سانائىتى نازارىتى ئورگىنىنىڭ مەمۇرىي شتاتى 85 بولىدۇ (ئىنتىزام تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى، مەمۇرىي تەپتىش ئىشخانىسىنىڭ شتاتىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە). بۇنىڭ ئىچىدە نازىر دەرىجىلىك رەھبەر 6 نەپەر (ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە)؛ باشقارما باشلىقى دەرىجىلىك رەھبەر 24 نەپەر (ئورگان پارتكومىنىڭ بىر نەپەر مەخسۇس ۋەزىپىدىكى مۇئاۋىن شۇجىسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) بولىدۇ.

بەلگىلىمە بويىچە پېشقەدەم كادىرلار باشقارمىسى تەسىس قىلىنىپ، ئايرىم 6 شتات بېرىلىدۇ، رەھبەرلىك ۋەزىپە سانى 2 بولىدۇ.

## 5. ئارقا سەپ ئاپپاراتى ئىسلاھاتى

ئاپتونوم رايونلۇق خىمىيە سانائىتى نازارىتى ئورگان مۇلازىمەت مەركىزى ناھىيە دەرىجىلىك ئورۇن بولۇپ، كەسپىي شتاتى 12 بولىدۇ، سوممىسى تولۇق بېرىلىدىغان خام چوت بويىچە باشقۇرۇلىدۇ، رەھبەرلىك ۋەزىپە سانى 2 نەپەر بولىدۇ.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ فۇنكسىيىسى، ئىچكى ئاپپاراتى ۋە خادىملار شتاتى توغرىسىدىكى لايىھىنى تارقىتىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش

ش ھ ب 〔1996〕 40 - نومۇرلۇق 1996 - يىل 4 - ئاينىڭ - كۈنى

ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتىگە، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىگە، مەمۇرىي مەھكىمىلەرگە، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تارماقلىرى ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق ئاپپاراتلىرىغا:

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ فۇنكسىيىسى، ئىچكى ئاپپاراتى ۋە خادىملار شتاتى لايىھىسى» نى ئاپتونوم رايونلۇق ئاپپارات ئىسلاھاتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى تەكشۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلىدى، ئۇنى سىلەرگە تارقاتتۇق.

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ فۇنكسىيىسى، ئىچكى ئاپپاراتى ۋە خادىملار شتاتى توغرىسىدىكى لايىھە

«ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، ئورگان ئارقا سەپ ئورۇنلىرى ۋە كەسپىي ئورۇنلاردا ئاپپارات ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇش پىكرىنى تارقىتىش ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشى» (ش پ 〔1995〕 25 - نومۇرلۇق) نىڭ روھىغا ئاساسەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ فۇنكسىيىسى، ئىچكى ئاپپاراتى ۋە خادىملار شتاتى لايىھىسى تۆۋەندىكىچە بېكىتىلدى:

### 1. فۇنكسىيىنىڭ ئۆزگىرىشى

ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتى خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى پەن - تېخنىكا تەرەققىيات ستراتېگىيىسى، فاڭجېنى، سىياسىتى، قانۇن - نىزاملىرى ۋە ئومۇمىي پىلانىنى تۈزۈش ۋە بېكىتىشكە مەركەزلەشتۈرۈشى؛ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا زور تەسىر كۆرسىتىدىغان، تارماق ھالقىيدىغان، كۆپ خىل ئىلىم - پەنگە چېتىلىدىغان، ئۇنىۋېرساللىقى كۈچلۈك بولغان پەن - تېخنىكا خىزمىتىنى ماكرو جەھەتتىن تەڭشەش - تىزگىنلەش سالمىقىنى كۈچەيتىشى؛ پەن - تېخنىكا تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ياخشى تۇتۇشى؛ تارماقلار، جايلار ۋە ئاساسىي كەسپلەرنىڭ پەن - تېخنىكا خىزمىتىنى ماسلاشتۇرۇشى؛ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىكى نۇقتىلىق ۋە قىيىن مەسىلىلەرنى چۆرىدىگەن ھالدا پەن - تېخنىكا ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ئىشلىرىنى تەشكىللەپ، پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى رېئال ئىشلەپچىقىرىشقا ئايلاندۇرۇش خىزمىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، پەن - تېخنىكا بىلەن ئىقتىسادنىڭ بىرلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك.

پەن - تېخنىكا تەرەققىيات كارخانىلىرى ۋە خەلق باشقۇرۇشىدىكى پەن - تېخنىكا ئاپپاراتلىرىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش رەسمىيەتلىرىنى قىسقارتىپ، پەيدىنپەي تىزىملاش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش؛ ئاپتونوم رايوننىڭ ھەر خىل پەن - تېخنىكا پىلانلىرىنى تۈزگەندە يېتەكچى خاراكتېرلىك پىلاننىڭ سالمىقىنى كۈچەيتىپ، ئادەتتىكى تۈرلەرنى تەشكىللەپ يولغا قويۇشنى ئالاقىدار تارماق ۋە جايلارنىڭ مەسئۇل بولۇپ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش؛ پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى بېكىتىش رەسمىيەتلىرىنى قىسقارتىپ، تېخنىكا بازىرى ئارقىلىق رېئال ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلاندۇرۇلغان پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى بىۋاسىتە تىزىملاش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش؛ تۆۋەنكى تېخنىكا توختاملارنى تىزىملاش ھوقۇقى بېرىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، شارائىت ھازىرلانغان جايلار بولسا، تېخنىكا بازىرىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى شۇ جاينىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش؛ تارماق بويىچە باشقۇرۇشتىن ساھە بويىچە باشقۇرۇشقا ۋە ئىجتىمائىيلاشقان باشقۇرۇشقا يۈزلىنىپ، قوشۇمچە خاراكتېرلىك، تېخنىكا خاراكتېرلىك، مۇلازىمەت خاراكتېرلىك فۇنكسىيەلەرنى كەسپىي ئورۇنلارغا ياكى ئىجتىمائىي مۇلازىمەت تەشكىلاتلىرىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش؛ تەتقىقات، ئېچىش، ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەت، خىراجەت ئىشلىتىش، ئاپپارات تەسىس قىلىش، خادىملارنى تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىش، تىجارەت ئۇسۇلىنى تاللاش قاتارلىق ھوقۇقلارنى پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرىغا چۈشۈرۈپ بېرىش كېرەك.

### 1. ئاساسلىق مەسئۇلىيىتى

ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىز پەن - تېخنىكا خىزمىتىنى ئومۇمىي جەھەتتىن باشقۇرىدىغان فۇنكسىيىلىك تارمىقى، ئۇنىڭ ئاساسىي مەسئۇلىيىتى تۆۋەندىكىچە:

1) پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ پەن - تېخنىكا خىزمىتىگە دائىر فاڭجېن، سىياسەت، قانۇن - نىزاملىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىيات ستراتېگىيىسى ئومۇمىي پىلانى ۋە پەن - تېخنىكا سىياسەتلىرى، قانۇن - نىزاملىرىنى، ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە پەن - تېخنىكا تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ لايىھىسى ۋە تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقىدۇ. مەمۇرىي ۋە ئىقتىسادىي ۋاسىتىلەردىن پايدىلىنىپ، پەن - تېخنىكا خىزمىتىنى تەڭشەش - تىزگىنلەشنى كۈچەيتىپ، پەن - تېخنىكا ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە مەسئۇل بولىدۇ.

2) پەن - تېخنىكا ئارقىلىق ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشكە دائىر چوڭ - چوڭ مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە ۋە تەھلىل قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ كەلگۈسى توغرىسىدىكى ئومۇمىي پىلانى، 5 يىللىق پىلانى ۋە يىللىق پىلانىنى تۈزۈش ۋە يولغا قويۇش ئىشلىرىنى تەشكىللەيدۇ. پەن - تېخنىكا خىراجىتىنى مۇۋاپىق تەقسىملەشكە ۋە پەن - تېخنىكا شارائىتىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولىدۇ. دۆلەت شىنجاڭدا يولغا قويىدىغان مۇھىم پەن - تېخنىكا تۈرلىرىنى باشقۇرىدۇ ھەمدە ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا سىناتىسىكا خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ.

3) ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى پەن تەتقىقات ئاكادېمىيىلىرى ۋە ئورۇنلىرىنى باشقۇرۇپ، پەن - تېخنىكا ئاپپاراتلىرى قۇرۇلمىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، پەن - تېخنىكا ئاپپاراتلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە مەسئۇل بولىدۇ. ئاپتونوم رايوننىڭ خەلق باشقۇرۇشىدىكى پەن - تېخنىكا خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ ۋە ئۇنى باشقۇرىدۇ. سىستېما بويىچە يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا تەرەققىيات رايونى ۋە يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا كارخانىلىرىنى بېكىتىش خىزمىتىنى باشقۇرىدۇ.

4) ئاپتونوم رايوننىڭ تەبىئىي پەن - تېخنىكا تەنتەربىيە ۋە بۇ مۇناسىۋەتلىك پەن جەمئىيەتلىرىنى سىستېما بويىچە باشقۇرۇپ، پەن - تېخنىكا تەنتەربىيەنى بېكىتىش، مۇكاپاتلاش، مۇھىم پەن - تېخنىكا تەنتەربىيەنى كېڭەيتىش، مەخپىيەتلىكنى ساقلاش خىزمىتىنى تەشكىللەيدۇ. «تېخنىكا توختام قانۇنى» نى يولغا قويۇشنى تەشكىللەپ، ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە تېخنىكا بازىرىنى باشقۇرۇپ ۋە يېتىشتۈرۈپ، پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى يۈرۈشلەش ۋە رېئال ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلاندۇرۇش خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە مەسئۇل بولىدۇ. ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېڭى مەھسۇلاتلار ۋە ئاز تۈركۈمدە سىناپ ئىشلەپچىقىرىلىدىغان مەھسۇلاتلارغا دائىر ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى تۈزۈپ بېكىتىدۇ.

5) پەن - تېخنىكىغا دائىر تاشقى ئىشلارنى باشقۇرۇپ، ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە، پەن - تېخنىكا خادىملىرىنىڭ چەت ئەلگە چىقىشىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلايدۇ، مۇھىم پەن - تېخنىكا ھەمكارلىقى ۋە تېخنىكا ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىنى تەشكىللەيدۇ. ئالاقىدار تارماقلار بىلەن ھەمكارلىشىپ، تېخنىكا ئېكسپورت قىلىش، تېخنىكا كىرگۈزۈش ۋە ئۆزلەشتۈرۈش، قوبۇل قىلىش، يىغىلاش خىزمىتىنى تەشكىللەشكە مەسئۇل بولىدۇ.

6) ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پەن - تېخنىكا ئۇچۇرى، پەن - تېخنىكا مەسلىھەتچىلىكى ۋە تېخنىكا جەھەتتىن مۇلازىمەت قىلىش خىزمىتىنى سىستېما بويىچە باشقۇرۇپ، پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان 3 - كەسىپنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە مەسئۇل بولىدۇ. پەن - تېخنىكا خادىملىرىنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا دائىر مۇھىم تەدبىرلەرنى تەتقىق قىلىش ۋە ئۇنىڭغا مەسلىھەت بېرىش پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىشقا تەشكىللەيدۇ. ئالاقىدار تارماقلار ۋە جايلار بىلەن بىرلىكتە پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ، ساھەنى گۈللەندۈرۈش، پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ ۋىلايەت، ناھىيەلەرنى گۈللەندۈرۈش خىزمىتىنى يۈكسەلدۈرىدۇ.

7) پەن - تېخنىكا خادىملىرىغا مۇناسىۋەتلىك سىياسەت، قانۇن - نىزاملارنى تۈزۈشكە قاتنىشىدۇ. كۆرۈنەرلىك تۆھپە ياراتقان پەن - تېخنىكا خادىملىرىنى كاتتا مۇكاپاتلاش، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى پەن - تېخنىكا باشقۇرۇش كادىرلىرى، پەن - تېخنىكا خادىملىرى ۋە شەھەر - يېزا ئىقتىسادىي پائالىيەتلىرىدىكى تېخنىكا باشلامچىلىرىنى تەربىيىلەش خىزمىتىنى تەشكىللەيدۇ. ئالاقىدار تارماقلار بىلەن ماسلىشىپ، پەن تەتقىقات سىنىپىسى، تەجرىبە سىنىپىسى ۋە كومپيۇتېر كەسپى بويىچە تېخنىكا ئۇنۋانىنى باھالاش خىزمىتىنى باشقۇرىدۇ.

8) «پاتېنت قانۇنى» نى يولغا قويۇشنى تەشكىللەپ، ئاپتونوم رايوننىڭ پاتېنت خىزمىتىنى باشقۇرىدۇ؛ ئاپتونوم رايوننىڭ ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش ئىشلىرىنى ماسلاشتۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىش خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

9) ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر قايسى تارماقلار، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى، مەركەزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرىنىڭ پەن - تېخنىكا خىزمىتىنى ماسلاشتۇرۇش، ئالاقىدار تارماقلار

بىلەن ماسلىشىپ، كەسپىي ساھەلەرنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە مەسئۇل بولىدۇ.

10) ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تاپشۇرغان باشقا ئىشلارنى بېجىرىدۇ.

## 3. ئىچكى ئاپپاراتلار

يۇقىرىقى ئاساسلىق مەسئۇلىيەتلەرگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق پەن-تېخنىكا كومىتېتىدا 11 فۇنكسىيىلىك باشقارما (ئىشخانا) تەسىس قىلىندۇ.

1) ئىشخانا

كومىتېت ئورگىنىنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن ماسلاشتۇرۇش، يىغىن تەشكىللەش، ھۆججەت - ئالاقىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش (جۈملىدىن تەرجىمە قىلىش)، كاتىباتلىق، ئۇچۇرلارنى ئومۇمىيلاشتۇرۇش، نازارەت قىلىپ ئەكشۈرۈش، ئىشلارنىڭ بېجىرىلىشىگە ھەيدەكچىلىك قىلىش، ئەرزىيەت ئىشلىرى بويىچە كۈتۈۋېلىش، ئەكلىپ بىر تەرەپ قىلىش، مۇھىم ھۆججەتلەرنى يېزىش، ئارخىپ باشقۇرۇش، مەخپىيەتلىكىنى ساقلاش خىزمىتىگە ۋە ئۇچۇر باشقۇرۇش تورى قۇرۇلۇشىغا مەسئۇل بولىدۇ؛ كومىتېت ئورگىنىنىڭ قائىدە - تۈزۈملىرىنى بېكىتىشنى تەشكىللەيدۇ. ئورگاننىڭ مالىيە ئىشلىرىغا ۋە پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ مال - مۈلكى (ئۆي - جاي مۈلكىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، ئاساسىي قۇرۇلۇشى، ئارقا سەپ ئەمىنلىك قاتارلىقلارنى باشقۇرۇش خىزمەتلىرىگە مەسئۇل بولىدۇ. پەن - تېخنىكا تەشۋىقاتى ۋە كومىتېتنىڭ ئاخبارات ئېلان قىلىش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولىدۇ. پەن - تېخنىكا تەزكىرىسىنى تۈزۈش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ. ئىچكى مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىش خىزمىتىنى ئىشلەيدۇ.

2) كادىرلار - مائارىپ باشقارمىسى

كومىتېت ئورگىنىدىكى كادىرلار، بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ رەھبىرىي كادىرلىرى ۋە سىستېما بويىچە باشقۇرۇۋاتقان ئورۇنلارنىڭ كادىرلىرىنى باشقۇرىدۇ؛ كومىتېتنىڭ ئاپپارات - خادىملار شتاتى، ئەمگەك-ئىش ھەققى، ئۇنۋان ئىسلاھاتى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەش، كادىرلار ئارخىپى قاتارلىق خىزمەتلەرگە مەسئۇل بولىدۇ.

ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە، ئاپتونوم رايوننىڭ پەن تەتقىقات سىستېمىسى، تەجرىبە سىستېمىسى ۋە كومپيۇتېر كەسپى بويىچە ئۇنۋان باھالاش خىزمىتىنى تەشكىللەيدۇ. ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە، ئاپتونوم رايونىمىز پەن - تېخنىكا سىستېمىسىنىڭ ئىش ئورنى بويىچە تەربىيىلەش ۋە ئۈزلۈكسىز مائارىپ خىزمىتىنى تەشكىللەيدۇ ۋە ماسلاشتۇرىدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەردىن بولغان پەن تەتقىقات باشلامچىلىرى ۋە ياش، ئوتتۇرا ياشلىق پەن - تېخنىكا تالانتلىرىنى ئوقۇتۇش تەربىيىلەش خىزمىتىنى تەشكىللەيدۇ؛ كومىتېتنىڭ قوغداش خىزمىتى ۋە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ.

3) سىياسەت، قانۇن - نىزام، تۈزۈلمە ئىسلاھاتى باشقارمىسى

ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىيات ستراتېگىيىسىنى تۈزۈشنى تەشكىللەيدۇ؛ ئالاقىدار تارماقلار بىلەن ھەمكارلىشىپ، پەن - تېخنىكىغا دائىر سىياسەتلەرنى مۇھاكىمە قىلىپ تۈزىدۇ، پەن - تېخنىكا خادىملىرىغا دائىر سىياسەتلەرنى تۈزۈشكە قاتنىشىدۇ. ئاپتونوم رايوننىڭ يۇمشاق پەن تەتقىقات خىزمىتىنى باشقۇرىدۇ. پەن - تېخنىكىغا دائىر يەرلىك قانۇن - نىزاملارنى تۈزىدۇ ۋە ئۇنىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىدۇ؛ ئاپتونوم رايوننىڭ ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش خىزمىتىنى ماسلاشتۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىشقا مەسئۇل بولىدۇ. پەن - تېخنىكا تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ئومۇمىي لايىھىسى ۋە سىياسەت خاراكتېرلىك تەدبىرلەرنى تەتقىق قىلىپ تۈزۈپ چىقىدۇ، تارماقلار ۋە جايلارنىڭ پەن - تېخنىكا تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ ۋە ئۇنى ماسلاشتۇرىدۇ، پەن - تېخنىكا تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى نۇقتىدا سىناش خىزمىتىنى تەشكىللەيدۇ.

4) ئومۇميۈزلۈك پىلان باشقارمىسى

ئاپتونوم رايونىمىز پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي پىلانى ۋە 5 يىللىق پىلانىنى تۈزۈپ چىقىدۇ، پەن - تېخنىكا تۈرلىرى قىبلىنامىسىنى ئېلان قىلىشقا مەسئۇل بولىدۇ؛ ئاپتونوم رايونىمىز پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ يىللىق پىلانىنى تۈزۈپ چىقىشنى تەشكىللەيدۇ، ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا ئۈنۈملۈك ھۆججەت قىلىش، نۇقتىلىق پەن - تېخنىكا تەتقىقاتى، يۇمشاق پەن تەتقىقاتى، تەبىئىي پەن فوندى، «ئۇچقۇن» پىلانى، «مەشئەل» پىلانى، نۇقتىلىق پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى كېڭەيتىش، پەن-تېخنىكا ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش قاتارلىق تۈرلەرنىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىدۇ. ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە ئاپتونوم رايوننىڭ يېڭى مەھسۇلاتلار ۋە ئاز تۈركۈمدە سىناپ ئىشلەپچىقىرىلىدىغان مەھسۇلاتلارغا دائىر ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى تۈزۈپ چىقىدۇ؛ ئاپتونوم رايوننىڭ يېڭى مەھسۇلاتلارنى سىناش تەرتىپىدە ئىشلەپچىقىرىش (ئەكشۈرۈپ بېكىتىش) پىلانىنى تۈزۈپ چىقىدۇ. ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە، ئاپتونوم رايونىمىز پەن - تېخنىكا ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ماكرو جەھەتتىن باشقۇرۇشنى يولغا قويىدۇ؛ ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە، پەن - تېخنىكا ئاساسىي قۇرۇلۇش پىلانىنى تۈزىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ۋىلايەت، ناھىيىلەرنىڭ پەن - تېخنىكا خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ ۋە ئۇنى ماسلاشتۇرىدۇ؛ ئالاقىدار تارماقلارغا ھەمكارلىشىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە پەن - تېخنىكا خىزمىتىگە مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىم ۋە مۇئاۋىن شەھەر باشلىقلىرى خىزمىتىگە، ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا كۆرسەتكۈچلىرىنى بەلگىلەشكە، پەن - تېخنىكا ستاتىستىكا خىزمىتى ۋە ستاتىستىكا ئانالىز خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ. ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە، پەن - تېخنىكا خىراجىتىنىڭ ئىشلىتىلىش ئەھۋالى ئۈستىدىن مۇپەتتىشلىك قىلىدۇ.

٥) شارائىت ـ مالىيە باشقارمىسى

پەن ـ تېخنىكا خىراجىتى مالىيىسىنى باشقۇرۇپ، ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە، ئاپتونوم رايوننىڭ پەن ـ تېخنىكا ئىشلىرىغا خىراجەت ئاجرىتىش تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى يولغا قويىدۇ. ئاپتونوم رايوننىڭ پەن ـ تېخنىكا مەبلىغى سېلىنمىسى، پەن ـ تېخنىكا شارائىتى كاپالىتى، پەن ـ تېخنىكا مالىيىسىنى باشقۇرۇش جەھەتتىكى سىياسەت، قائىدە ـ تۈزۈملەرنى تەتقىق قىلىپ تۈزۈپ چىقىدۇ. پەن ـ تېخنىكا سىستېمىسىنىڭ دۆلەت مۈلكىنى باشقۇرۇش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ. ئاپتونوم رايوندىكى پەن تەتقىقات ئاكادېمىيىلىرى، ئورۇنلىرىنىڭ ئوقۇتۇلىدىغان ئۈسكۈنە ـ ئەسۋابلىرى، مەھسۇلاتنى ئاز تۈركۈمدە سىناپ ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قۇرۇلۇشىغا دائىر تۈرلەرنى تەشكىللەپ يولغا قويىدۇ؛ ئاپتونوم رايوننىڭ پەن تەتقىقات ئەسۋاب ـ ئۈسكۈنىلىرى ۋە ماددىي ئەشيا قانارلىق شارائىتقا مۇناسىۋەتلىك خىزمەتلەرنى باشقۇرىدۇ.

٦) پەن ـ تېخنىكا نەتىجىلىرى باشقارمىسى

پەن ـ تېخنىكا نەتىجىلىرىنى باشقۇرۇشقا ۋە رېئال ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلاندۇرۇشقا دائىر سىياسەت، قانۇن ـ نىزاملارنى تەتقىق قىلىپ تۈزۈپ چىقىدۇ. مۇھىم پەن ـ تېخنىكا نەتىجىلىرىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش، تىزىملاش، سېلىشتۇرۇپ باھالاش، مۇكاپاتلاش، كېڭەيتىش خىزمىتىنى باشقۇرىدۇ. ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە، ئېكسپورت قىلىنىدىغان تېخنىكىلارنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى بېجىرىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مۇھىم پەن ـ تېخنىكا نەتىجىلىرىنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ساقلاش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ.

٧) خەلقئارا پەن ـ تېخنىكا ھەمكارلىقى باشقارمىسى

ئاپتونوم رايوننىڭ پەن ـ تېخنىكىغا دائىر تاشقى ئىشلارنى باشقۇرىدۇ، ئالاقىدار بەلگىلىملەرگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايوننىڭ پەن ـ تېخنىكا ھەمكارلىقى ۋە ئالاقىسى بويىچە ئۆمەك ـ گۇرۇپپىلار ۋە شەخسلەرنىڭ چەت ئەلگە چىقىش رەسمىيەتلىرىنى تەستىقلاشقا قاتنىشىدۇ، ھۆكۈمەتلەر ئارىسىدىكى خەلقئارالىق پەن ـ تېخنىكا ھەمكارلىق كېلىشىملىرىگە دائىر ئىشلارنى بېجىرىشكە مەسئۇل بولىدۇ. مۇھىم خەلقئارالىق پەن ـ تېخنىكا ھەمكارلىقى ۋە ئالاقىسى تۈرلىرىنى تەشكىللەپ يولغا قويىدۇ، خەلق ئارىسىدىكى مۇھىم خەلقئارالىق پەن ـ تېخنىكا ئالماشتۇرۇش پائالىيەتلىرىنى ماسلاشتۇرۇشقا مەسئۇل بولىدۇ.

٨) ئاساس تەتقىقاتى ۋە يۇقىرى تېخنىكا باشقارمىسى

ئاپتونوم رايوننىڭ ئومۇل خاراكتېرلىك تەتقىقات ۋە يۇقىرى تېخنىكا تەرەققىياتىغا دائىر سىياسەت، قانۇن ـ نىزاملارنى تۈزۈپ چىقىشنى تەشكىللەيدۇ؛ ئومۇل خاراكتېرلىك تەتقىقات ۋە يۇقىرى تېخنىكا تەرەققىياتى تۈرلىرىنىڭ قىبلىنامىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، تەبىئىي پەن فوندى تۈرلىرىنى ۋە دۆلەتنىڭ «863» پىلانىدىكى تۈرلەرنى تەشكىللەپ يولغا قويىدۇ. ئاپتونوم رايوندىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ پەن ـ تېخنىكا خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ ۋە ماسلاشتۇرىدۇ، ئومۇل خاراكتېرلىك تەتقىقات خىزمىتىنى باشقۇرىدۇ. ئاپتونوم رايوندىكى ئوقۇتۇلۇق تەجرىبىخانىلار ۋە ئېچىۋېتىلگەن تەجرىبىخانىلارنى ئايلاندۇرۇش ۋە باشقۇرۇش ئىشلىرىنى ماسلاشتۇرۇشقا مەسئۇل بولىدۇ، ئوقۇتۇلۇق تەتقىقات ئاپپاراتلىرىنىڭ خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ ۋە ئۇنى ماسلاشتۇرىدۇ. ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى ۋە جۇڭگو تېخنولوگىيە ئاكادېمىيىسىگە ئاكادېمىك نامزاتلىرىنى تاللاش، كۆرسىتىپ بېرىش خىزمىتىنى ۋە ئالاقىدار باشقۇرۇش خىزمىتىنى تەشكىللەيدۇ.

٩) سانائەت پەن ـ تېخنىكا باشقارمىسى (ئاپتونوم رايونلۇق «مەشئەل» پىلانى ئىشخانىسى)

ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە، ئاپتونوم رايوننىڭ سانائەت تېخنىكىلىرىغا دائىر سىياسەتلەرنى ۋە يۇقىرى تېخنىكىلارنى كەسىپلەشتۈرۈشكە دائىر سىياسەت، قانۇن ـ نىزاملارنى تەتقىق قىلىپ تۈزۈپ چىقىدۇ، ئاپتونوم رايونىمىز سانائەت ساھەسىدىكى ھەر قايسى كەسىپلەرنىڭ پەن ـ تېخنىكا خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ ۋە ئۇنى ماسلاشتۇرىدۇ، ئالاقىدار تارماقلار بىلەن ھەمكارلىشىپ، سانائەت كارخانىلىرىنىڭ پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئاپتونوم رايوننىڭ سانائەت پەن ـ تېخنىكا تۈرلىرى ۋە «مەشئەل» پىلانىدىكى تۈرلەرنىڭ قىبلىنامىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، ئاپتونوم رايون پەن ـ تېخنىكا پىلانىدىكى سانائەت تۈرلىرى ۋە «مەشئەل» پىلانىدىكى تۈرلەرنى كۆرسىتىدۇ ۋە تەشكىللەپ يولغا قويىدۇ. ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا تەرەققىيات رايونىنى باشقۇرىدۇ، يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا كارخانىلىرىنى بېكىتىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ، ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە، يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا تەرەققىيات رايونىنىڭ ئومۇمىي ئىسلاھاتىنى تەشكىللەپ يولغا قويىدۇ.

١٠) يېزا پەن ـ تېخنىكا باشقارمىسى (ئاپتونوم رايونلۇق «ئۇچقۇن» پىلانى ئىشخانىسى)

ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە، ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىغا دائىر سىياسەت، قانۇن ـ نىزاملارنى تەتقىق قىلىپ تۈزۈپ چىقىدۇ؛ ئالاقىدار تارماقلار بىلەن ھەمكارلىشىپ، يېزىلارنىڭ پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىگىلىك پەن-تېخنىكا تۈرلىرى ۋە «ئۇچقۇن» پىلانىدىكى تۈرلەرنىڭ قىبلىنامىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا مەسئۇل بولىدۇ، ئاپتونوم رايون پەن ـ تېخنىكا پىلانىغا كىرگۈزۈلىدىغان يېزا ئىگىلىك تۈرلىرى ۋە «ئۇچقۇن» پىلانى تۈرلىرىنى كۆرسىتىشكە ۋە تەشكىللەپ يولغا قويۇشقا مەسئۇل بولىدۇ، ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە، «ئۇچقۇن» تېخنىكا ـ ئىقتىساد

تەرەققىياتى زونىسى قۇرۇلۇشىنى يولغا قويىدۇ. «ئۆچقۇن» تېخنىكىسى مۇجەسسەملەشكەن رايونلارنىڭ ئومۇمىي ئىسلاھاتىنى تەشكىللەپ يولغا قويىدۇ. ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ۋە يېزىلاردا پەن - تېخنىكا بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ.

11) ئىجتىمائىي تەرەققىيات ۋە پەننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى باشقارمىسى

ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە، ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشكە دائىر سىياسەت، قانۇن-نىزاملىرىنى تەتقىق قىلىپ تۈزۈپ چىقىدۇ؛ ئاپتونوم رايوننىڭ مۇھىت، بايلىق مەنبەسى، ئاھالە، ئايەتنىن مۇداپىئە كۆرۈش، يېزا - بازار قۇرۇلۇشى، تىببىي دورا ۋە ساقلىقنى ساقلاش قاتارلىق ئىجتىمائىي تەرەققىيات ساھەسىنىڭ پەن-تېخنىكا خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ ۋە ئۇنى ماسلاشتۇرىدۇ؛ ئاپتونوم رايوننىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات ساھەسىدىكى پەن - تېخنىكا تۈرلىرىنىڭ قىلىنىشىنى ئۇتتۇرىغا قويۇشقا مەسئۇل بولىدۇ، ئاپتونوم رايوننىڭ پەن-تېخنىكا پىلانىغا كىرگۈزۈلىدىغان ئىجتىمائىي تەرەققىيات تۈرلىرى ۋە «21-ئەسىر قارالمىلىرى» غا كىرگۈزۈلىدىغان تۈرلەرنى كۆرسىتىشكە ۋە تەشكىللەپ يولغا قويۇشقا مەسئۇل بولىدۇ؛ ئىجتىمائىي تەرەققىيات بويىچە ئۇنىۋېرسال تەجرىبە رايونى خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ. ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى تەشكىللەيدۇ ۋە ماسلاشتۇرىدۇ.

ئورگان پارتكومى

كومىتېت ئورگىنى، بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلار، سىستېما بويىچە باشقۇرۇۋاتقان ئورۇنلارنىڭ پارتىيە خىزمىتى، ئاممىۋى خىزمىتى ۋە ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمىتىگە، كومىتېت سىستېمىسىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى خەلق باشقۇرۇشىدىكى پەن - تېخنىكا ئاپپاراتلىرى ۋە خەلق باشقۇرۇشىدىكى پەن - تېخنىكا كارخانىلىرىنىڭ پارتىيە تەشكىلاتلىرى خىزمىتىنى باشقۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

ئىنتىزام تەكشۈرۈش (مەمۇرىي تەپتىشلىك) گۇرۇپپىسى

كومىتېت ئورگىنى، بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلار ۋە سىستېما بويىچە باشقۇرۇۋاتقان ئورۇنلارنىڭ پارتىيە ئىنتىزامى ۋە مەمۇرىي تەپتىشلىك خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ.

**4. خادىملار شتاتى ۋە رەھبەرلىك ۋەزىپە سانى**

ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ مەمۇرىي شتاتى 98 (ئىنتىزام تەكشۈرۈش -- مەمۇرىي تەپتىشلىك ئاپپاراتىغا بېرىلگەن 3 شتاتنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە، كومىتېت رەھبەرلىرىنىڭ سانى 7 (باش كاتىپ، ئىنتىزام تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، باشقارما دەرىجىلىك رەھبەرلىك ۋەزىپە سانى 31 (ئورگان پارتكومىنىڭ مەخسۇس ۋەزىپىدىكى مۇئاۋىن شۇجىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بولىدۇ.

بەلگىلىمە بويىچە پېشقەدەم كادىرلار باشقارمىسى تەسىس قىلىنىدۇ. ئايرىم 5 شتات بېرىلىدۇ، رەھبەرلىك ۋەزىپە سانى 1 بولىدۇ.

**5. مۇناسىۋەتنى راۋانلاشتۇرۇش**

ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتىنىڭ سانائەت - قاتناش تۈرى بويىچە پەن - تېخنىكا تۆھپىلىكە ھۇجۇم قىلىش پىلانى خىزمىتىدىكى ئىش تەقسىماتى توغرىسىدا.

ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا تۆھپىلىكەن ھۇجۇم قىلىش پىلانىنى ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتى بىر تۇتاش تۈزۈپ چىقىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتىنىڭ ئۇنىۋېرسال تەڭپۇڭلاشتۇرۇشىغا يوللاپ، بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە تەكشۈرۈپ تەستىقلاتقاندىن كېيىن يولغا قويىدۇ. ئومۇمەن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان چوڭ - چوڭ تۈرلەر بولسا، ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتى، پەن - تېخنىكا كومىتېتى بىرلىكتە كېڭىشىپ، دۆلەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.

**6. كەسپىي ئورۇنلار ۋە ئۇلارنىڭ شتاتى**

1) «تۇرمۇش مۇلازىمەت باشقارمىسى» «ئورگان مۇلازىمەت مەركىزى» گە ئۆزگەرتىلىدۇ. ناھىيە (باشقارما) دەرىجىلىككە تەڭ بولۇپ، پەرقلىق سومما خام چوتى بويىچە باشقۇرۇلىدۇ، رەھبەرلىك ۋەزىپە سانى 3، ئىلگىرىكى ئورگان قارمىقىدىكى 55 شتات كەسپىي شتاتقا ئۆزگەرتىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە 12 شتاتنىڭ خىراجىتى تولۇق سومما بويىچە بېرىلىدۇ، 43 شتاتنىڭ خىراجىتى پەرقلىق سومما بويىچە بېرىلىدۇ.

2) ئاپتونوم رايونلۇق پاتېنت باشقۇرۇش ئىدارىسى ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا تەسىس قىلىنغان مەمۇرىي ئاپپاراتتىن ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتى باشقۇرۇشىدا تەۋە بولغان ناھىيە (باشقارما) دەرىجىلىك كەسپىي ئورۇنغا ئۆزگەرتىلىدۇ. كەسپىي شتاتى ۋاقتىنچە 10 بولۇپ، تولۇق سومما خام چوتى بويىچە باشقۇرۇلىدۇ، رەھبەرلىك ۋەزىپە سانى 2 بولىدۇ.

3) ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى ئاپتونوم رايونلۇق پەن-تېخنىكىغا تايىنىپ شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ئىشخانىسىغا ئۆزگەرتىلىدۇ، يەنىلا ناھىيە (باشقارما) دەرىجىلىك ئورۇن بولىدۇ، كەسپىي شتاتى 12 بولۇپ، تولۇق سومما خام چوتى بويىچە باشقۇرۇلىدۇ، رەھبەرلىك ۋەزىپە سانى 3 بولىدۇ.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۆلچەش ـ سىزىش ئىدارىسىنىڭ فۇنكسىيىسى، ئىچكى ئاپپاراتى ۋە خادىملار شتاتى توغرىسىدىكى لايىھەنى تارقىتىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش

ش ھ ب 〔1996〕 44 ـ نومۇرلۇق 1996 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى

ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتىگە، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىگە، مەمۇرىي مەھكىمىلەرگە، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تارماقلىرى ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق ئاپپاراتلىرىغا:

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۆلچەش ـ سىزىش ئىدارىسىنىڭ فۇنكسىيىسى، ئىچكى ئاپپاراتلىرى ۋە خادىملار شتاتى توغرىسىدىكى لايىھە» نى ئاپتونوم رايونلۇق ئاپپارات ئىسلاھاتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى تەكشۈرۈپ چىققاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلىدى، ئۇنى سىلەرگە تارقىتىمىز.

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۆلچەش ـ سىزىش ئىدارىسىنىڭ فۇنكسىيىسى، ئىچكى ئاپپاراتى ۋە خادىملار شتاتى توغرىسىدىكى لايىھە

«ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك پارتىيە ـ ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، ئورگان خوجىلىق ئورۇنلىرى ۋە كەسپىي ئورۇنلىرىدا ئاپپارات ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇش پىكرىنى ئۆتكۈنگە تارقىتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» (ش پ 〔1995〕 25 ـ نومۇرلۇق) نىڭ روھىغا ئاساسەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۆلچەش ـ سىزىش ئىدارىسى ئاپتونوم رايونلۇق قۇرۇلۇش نازارىتى تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭ فۇنكسىيىسى، ئىچكى ئاپپاراتلىرى ۋە خادىملار شتاتى تۆۋەندىكىچە بېكىتىلدى:

### 1. فۇنكسىيىنىڭ ئۆزگىرىشى

كۈچەيتىلىدىغان فۇنكسىيىسى: پۈتۈن ئاپتونوم رايون ئۆلچەش ـ سىزىش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات ستراتېگىيىسىنى ۋە ئوتتۇرا ـ ئۇزاق مەزگىللىك پىلانىنى مۇھاكىمە قىلىپ بېكىتىدۇ ۋە يولغا قويۇشنى تەشكىللەيدۇ؛ ئۆلچەش ـ سىزىش ئىشلىرىغا دائىر قانۇن ـ نىزام قۇرۇلۇشىنى، مەمۇرىي قانۇننى ئىجرا قىلىشنى ۋە قانۇن ئىجراسىنى نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىدۇ؛ ئۆلچەش ـ سىزىش كەسپىگە بولغان ماكرولۇق باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئۆلچەش ـ سىزىش بازارلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ ۋە قېلىپلاشتۇرىدۇ؛ ئۆلچەش- سىزىش تېخنىكىلىرى ۋە پەن- تېخنىكا نەتىجىلىرىنى قوللىنىش، ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلاندۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىدۇ؛ ئاپتونوم رايوننىڭ خەرىتىسىنى تۈزۈش، نەشر قىلىش ۋە ئۆلچەش بەلگىلىرىنى قوغداش خىزمىتىنى كۈچەيتىدۇ؛ ئۆلچەش- سىزىش كەسپىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش ئىشىنى ۋە ئۆلچەم خىزمىتىگە بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىدۇ.

فۇنكسىيىنىڭ ئۆتكۈزۈلۈشى: پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئۆلچەش- سىزىش تۈرلىرى توغرىسىدىكى ئالدىنقى باسقۇچلۇق ئىلمىي تەتقىقات دەلىللەش ماتېرىياللىرى، تېخنىكا لايىھەلىرىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش، ئىشلەپچىقىرىش ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئىشلىرى، ئۆلچەش ـ سىزىش نەتىجىلىرى، خەرىتىلەر، ئارخىپ ماتېرىياللىرىنى توپلاش ـ رەتلەش ۋە ئىشلىتىشكە تەمىنلەش ئىشلىرى، ئۆلچەش ـ سىزىش مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى تەكشۈرۈش، ئۆلچەش ـ سىزىش ئەسۋابلىرىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش، ئۆلچەش سىناقلىرىغا ۋە ئۆلچەش ـ سىزىش تېخنىكا بازارلىرىغا دائىر ئۇچۇرلارنى توپلاش قاتارلىق خىزمەتلەر كەسپىي ئورۇنلار ۋە ئىلمىي جەمئىيەتلەرگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدۇ.

### 2. ئاساسىي مەسئۇلىيىتى

1) دۆلەتنىڭ ئۆلچەش ـ سىزىش خىزمىتىگە دائىر فاڭجېن، سىياسەت، قانۇن ـ نىزاملىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئۆلچەش ـ سىزىش خىزمىتىگە دائىر قانۇن ـ نىزاملارنى مۇھاكىمە قىلىپ تەييارلايدۇ؛ ئۆلچەش ـ سىزىش ساھەسىنىڭ ئۆلچەملەشتۈرۈش خىزمىتىنى باشقۇرىدۇ؛ بېرىلگەن ھوقۇققا ئاساسەن ئۆلچەش ـ سىزىش كەسپىنىڭ ئۆلچەم خىزمىتىنى

باشقۇرىدۇ؛ ئۆلچەش ـ سىزىش ئىشلىرىغا دائىر قانۇن ـ نىزاملارنىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرىدۇ ۋە نازارەت قىلىدۇ.

2) پۈتۈن ئاپتونوم رايون ئۆلچەش ـ سىزىش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات ستراتېگىيىسى ۋە ئوتتۇرا ـ ئۇزاق مەزگىللىك پىلانىنى تۈزۈپ چىقىدۇ؛ پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئاساسىي ئۆلچەش ـ سىزىش، زېمىن تەۋەلىكىنى ئۆلچەش ـ سىزىش شۇنىڭدەك ئاپتونوم رايون خاراكتېرىنى ئالغان باشقا چوڭ ـ چوڭ ئۆلچەش ـ سىزىش تۈرلىرىنى باشقۇرۇش ۋە ئۇنى يولغا قويۇشقا تەشكىللەشكە مەسئۇل بولىدۇ.

3) دۆلەتلىك ئۆلچەش ـ سىزىش ئۆلچىمىنى ۋە ئۆلچەش ـ سىزىش سىستېمىسىنى نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولىدۇ؛ ئاپتونوم رايونلۇق ئۆلچەش ـ سىزىش ئاساسىي جۇغراپىيىلىك ئۇچۇرلار سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى تەشكىللەش، ماسلاشتۇرۇش، ئاپتونوم رايون بويىچە مۇھىم جۇغراپىيىلىك ئۇچۇرلىرى سان ـ ستاتىستىكىلىرىنى تەكشۈرۈش ۋە تەستىقلىتىشقا يوللاش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ؛ ئۆلچەش بەلگىلىرىنى قوغداش، باشقۇرۇش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

4) پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ئۆلچەش ـ سىزىش ئورۇنلىرىنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش ۋە ئۆلچەش ـ سىزىش ۋەزىپىسىنى تىزىملاش خىزمىتىنى قانۇن بويىچە باشقۇرىدۇ؛ ئاپتونوم رايوندىكى ئۆلچەش ـ سىزىش بازارلىرىنى باشقۇرۇپ، ئۆلچەش ـ سىزىش مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى باشقۇرۇش ئىشىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ ۋە نازارەتچىلىك قىلىدۇ؛ ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئۆلچەش ـ سىزىش مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىنى بېكىتىش، نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەيدۇ.

5) ئاپتونوم رايون بويىچە چوڭ ـ چوڭ ئۆلچەش ـ سىزىش پەن ـ تېخنىكا تۈرلىرىدە ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش، تۈرلەرنى كېڭەيتىش ۋە قوللىنىش شۇنىڭدەك ئۆلچەش ـ سىزىش پەن ـ تېخنىكا نەتىجىلىرىنى ئايلاندۇرۇش خىزمىتىنى تەشكىللەيدۇ؛ ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆلچەش ـ سىزىش تېخنىكا خادىملىرىنى تەربىيىلەش ۋە ئۆلچەش ـ سىزىش كەسپىدە تېخنىكا ئۇنۋان باھالاش خىزمىتىنى تەشكىللەيدۇ ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

6) ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ مەمۇرىي پاسىلىنى ئۆلچەش ـ سىزىش خىزمىتىنى تەشكىللەيدۇ ۋە باشقۇرىدۇ. پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ خەرىتىسىنى تۈزۈش، نەشر قىلىش خىزمىتىنى باشقۇرۇپ، ئاساسىي خەرىتىلەرنى (پۈتۈن خەرىتە، مەمۇرىي رايون خەرىتىسى، يەر شەكلى خەرىتىسى) تەكشۈرۈش، تەستىقلاش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ؛ ھەر خىل كەسپىي خەرىتىلەرنى نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش ھەمدە خەرىتىلەردىكى دۆلەت چېگرا سىزىقى ۋە رايونلار پاسىلى سىزىقىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ.

7) چەت ئەل تەشكىلاتلىرى ۋە شەخسلەرنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ ئۆلچەش ـ سىزىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشىنى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە قانۇن بويىچە تەكشۈرۈپ تەستىقلايدۇ؛ ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، چەت ئەللەرنى ئۆلچەش ـ سىزىش نەتىجىلىرى بىلەن تەمىنلەش ئىشىنى تەستىقلاش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ؛ ئاپتونوم رايون سىرتىدىكى تەشكىلاتلارنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ ئۆلچەش ـ سىزىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشىنى ماسلاشتۇرۇش ۋە باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولىدۇ.

8) ئۆلچەش ـ سىزىش مەخسۇس خىراجىتىنى ئىلتىماس قىلىش، باشقۇرۇش ۋە ئىشلىتىلىشىنى نازارەت قىلىشقا مەسئۇل بولىدۇ.

9) ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق قۇرۇلۇش نازارىتى تاپشۇرغان باشقا خىزمەتلەرنى ئىشلەيدۇ.

### 3. ئىچكى ئاپپاراتلىرى

يۇقىرىقى مەسئۇلىيەتلىرىگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق ئۆلچەش ـ سىزىش ئىدارىسىدە 5 فۇنكسىيىلىك باشقارما (ئىشخانا) تەسىس قىلىنىدۇ.

1) ئىشخانا

ئىدارە ئورگىنىنىڭ تۈرلۈك مەمۇرىي خىزمەتلىرىنى تەشكىللەش، ماسلاشتۇرۇشقا مەسئۇل بولىدۇ؛ كاتىبات ئىشلىرى ۋە سىرت بىلەن ئالاقە ئورنىتىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ؛ ئاخبارات، تەشۋىقات، سىياسەت تەتقىقاتى خىزمەتلىرىگە مەسئۇل بولىدۇ؛ ئالاقىدار يىغىنلارنى تەشكىللەش ۋە ماسلاشتۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ؛ ئىدارە ئورگىنىنىڭ بىخەتەرلىك، قوغداش ۋە مەخپىيەتلىكنى ساقلاش قاتارلىق خىزمەتلىرىگە مەسئۇل بولىدۇ ھەمدە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلىرىنىڭ بىخەتەرلىك، قوغداش ۋە مەخپىيەتلىكنى ساقلاش خىزمەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

2) سىياسىي باشقارما

ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆلچەش ـ سىزىش تېخنىكا خادىملىرىنى تەربىيىلەش، يېتىشتۈرۈش ۋە ئۆلچەش ـ سىزىش تېخنىكا ئىشچىلىرىنى تېخنىكا دەرىجىسى بويىچە يېتىشتۈرۈش، تەكشۈرۈش ئىشلىرىنى تەشكىللەيدۇ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆلچەش ـ سىزىش كەسپىدە تېخنىكا ئۇنۋان باھالاش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ؛ ئىدارە ئورگىنىنىڭ ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق

ئورۇنلارنىڭ ئاپپارات، شتات، كادىرلار، ئەمگەك، مائاش قاتارلىق خىزمەتلىرىگە مەسئۇل بولىدۇ ھەم يېتەكچىلىك قىلىدۇ؛ ئىدارە ئورگىنىنىڭ ۋە ئىدارىگە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ پارتىيە، ئاممىۋى خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ.

3) پىلان، مالىيە باشقارمىسى

ئاساسىي ئۆلچەش - سىنىش پىلانىنى تۈزۈش، تۇر تۇرغۇزۇش، مەلۇم قىلىش ۋە مەخسۇس مەبلەغ ئىلتىماس قىلىش، ئىشلىتىش ۋە ئۇنى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ؛ ئىدارە ئورگىنىنىڭ ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ كەسپىي مالىيىسىگە مەسئۇل بولۇش ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىش، نازارەتچىلىك قىلىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ؛ ئىدارە ئورگىنىنىڭ يىللىق ئۆلچەش - سىنىش خىراجىتى تۇغرىسىدىكى خام چوت، نەقچوتىنى ئىشلەيدۇ؛ مۇقىم مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش ۋە ئېخنىكا ئۆزگەرتىش پىلانىنى ئىشلەيدۇ؛ ئىدارە ئورگىنىنىڭ ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ چوڭ - چوڭ ئۆلچەش- سىنىش ئەسۋابلىرى، ئۈسكۈنىلىرى ۋە ماشىنىلىرى قاتارلىق تېخنىكا جابدۇقلىرىنى ئىلتىماس قىلىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ؛ ئاپتونوم رايون ئۆلچەش - سىنىش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات ستراتېگىيىسىنى شۇنىڭدەك ئوتتۇرا - ئۇزاق مەزگىللىك ئومۇمىي پىلان ۋە كونكرېت پىلانلارنى مۇھاكىمە قىلىپ تۈزىدۇ ھەمدە ئۇنى تەشكىللەپ يولغا قويىدۇ.

4) ئۆلچەش - سىنىش ئىشلىرىنى باشقۇرۇش باشقارمىسى

پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئۆلچەش - سىنىش ئىشلىرىنى كەسىپ بويىچە باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولىدۇ؛ ئۆلچەش - سىنىش ئورۇنلىرىنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش ۋە ئۆلچەش - سىنىش ۋەزىپىسىنى تىزىملاش خىزمىتىنى قانۇن بويىچە باشقۇرىدۇ؛ ئۆلچەش- سىنىش بازارلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ، قېلىپلاشتۇرىدۇ، باشقۇرىدۇ ۋە نازارەت قىلىدۇ؛ رايون سىرتىدىكى ئۆلچەش - سىنىش ئورۇنلىرىنىڭ شىنجاڭدا ئۆلچەش - سىنىش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشنى تەشكىللەش، ماسلاشتۇرۇش شۇنىڭدەك ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە چەت ئەل تەشكىلاتلىرى ۋە شەخسلەرنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ ئۆلچەش - سىنىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشنى قانۇن بويىچە تەكشۈرۈپ تەستىقلاش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ؛ ئۆلچەش - سىنىش نەتىجىلىرىگە بولغان ماكرولۇق باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولۇپ، ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن چەت ئەللەرنى ئۆلچەش - سىنىش نەتىجىلىرى بىلەن تەمىنلەش ئىشىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش خىزمىتىنى ئىشلەيدۇ؛ ئۆلچەش بەلگىلىرىنى قوغداش ۋە باشقۇرۇش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ؛ يەرلىك ئۆلچەش - سىنىش نىزامى ۋە تېخنىكا ئۆلچەملىرىنى مۇھاكىمە قىلىپ بېكىتىپ، ئۆلچەش - سىنىش نىزامىنىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرىدۇ ۋە نازارەت قىلىدۇ؛ ئۆلچەش- سىنىش ئىشلىرىغا دائىر مەمۇرىي دېلولارنى قايتا قاراپ چىقىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ.

5) دۆلەت زېمىنىنى ئۆلچەش - سىنىش ئىشىنى تېخنىكىلىق نازارەت قىلىش باشقارمىسى

ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆلچەش - سىنىش ئۆلچىمىنى ۋە ئۆلچەش- سىنىش سىستېمىسىنى نازارەت قىلىدۇ ۋە باشقۇرىدۇ؛ ئاپتونوم رايون بويىچە ئاساسىي ئۆلچەش - سىنىش، زېمىن تەۋەلىكى بويىچە ئۆلچەش- سىنىش شۇنىڭدەك ئاپتونوم رايون خاراكتېرىنى ئالغان باشقا چوڭ - چوڭ ئۆلچەش - سىنىش تۈرلىرىنى تېخنىكا جەھەتتىن نازارەت قىلىش ۋە ئۇنى تەشكىللەپ يولغا قويۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ؛ ئاپتونوم رايون بويىچە چوڭ - چوڭ ئۆلچەش - سىنىش پەن - تېخنىكا تۈرلىرىدە ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ۋە ئۇلارنى كېڭەيتىش، قوللىنىش ئىشىنى شۇنىڭدەك ئۆلچەش - سىنىش پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى ئالىلاندۇرۇش خىزمىتىنى تەشكىللەيدۇ؛ ئۆلچەش - سىنىش كەسپىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش خىزمىتىنى باشقۇرىدۇ؛ ئاپتونوم رايون بويىچە خەرىتە تۈزۈش، نەشر قىلىش ۋە خەرىتىدىكى دۆلەت چېگرا سىزىقى ۋە يوللانغان خەرىتە نۇسخىسىنى تەكشۈرۈش ۋە يۇقىرىغا يوللاش خىزمىتىنى باشقۇرىدۇ؛ بېرىلگەن ھوقۇققا ئاساسەن، ئۆلچەش - سىنىش كەسپىنىڭ ئۆلچەم خىزمىتىنى باشقۇرىدۇ؛ ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئۆلچەش - سىنىش مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىنى بېكىتىش ۋە ئۇنى نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەيدۇ.

### 4. خادىملار شتاتى ۋە رەھبەرلىك ۋەزىپە سانى

ئاپتونوم رايونلۇق ئۆلچەش - سىنىش ئىدارە ئورگىنىنىڭ مەمۇرىي شتاتى 30 بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئىدارە باشلىقى بىر، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى 2، باشقارما دەرىجىلىك رەھبەرلىك ۋەزىپە سانى 13 بولىدۇ.

بەلگىلىمە بويىچە پېشقەدەم كادىرلار خىزمىتى باشقارمىسى تەسىس قىلىنىپ، ئايرىم 4 شتات بېرىلىدۇ، رەھبەرلىك ۋەزىپە سانى بىر بولىدۇ.

ئورگاندىن ئايرىلىپ چىققان ئارقا سەپ تەمىنات خادىملىرى كەسپىي شتاتقا كىرگۈزۈلىدۇ، شتاتى 4 بولىدۇ. خىراجىتى تولۇق بېرىلىدۇ، ئۇنى ئىدارە ئىشخانىسى باشقۇرىدۇ.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ فۇنكسىيىسى، ئىچكى ئاپپاراتى ۋە خادىملار شتاتى توغرىسىدىكى لايىھىسىنى تارقىتىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش

ش ھ ب [1996] 47 - نومۇرلۇق 1996 - يىل 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى

ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتىگە، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىگە، مەمۇرىي مەھكىمىلەرگە، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تارماقلىرى ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق ئاپپاراتلىرىغا:

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ فۇنكسىيە، ئىچكى ئاپپارات ۋە خادىملار شتاتى توغرىسىدىكى لايىھىسى»نى ئاپتونوم رايونلۇق ئاپپارات ئىسلاھاتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى تەكشۈرۈپ چىقتى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلىدى، ئۇنى سىلەرگە تارقاتتۇق.

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ فۇنكسىيىسى، ئىچكى ئاپپاراتى ۋە خادىملار شتاتى توغرىسىدىكى لايىھىسى

«ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، ئورگان ئارقا سەپ تەمىنات ئورۇنلىرى ۋە كەسپىي ئورۇنلاردا ئاپپارات ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى پىكرىنى تارقىتىش ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشى» (ش پ [1995] 25 - نومۇرلۇق) نىڭ روھىغا ئاساسەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ فۇنكسىيىسى، ئىچكى ئاپپاراتى ۋە خادىملار شتاتى تۆۋەندىكىچە بېكىتىلدى:

### 1. فۇنكسىيىنىڭ ئۆزگىرىشى

ماكرو جەھەتتىن باشقۇرۇش فۇنكسىيىسى كۈچەيتىلىدۇ. ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتى ۋە كەنت، ئاھالە كومىتېتلىرى قۇرۇلۇشىنى ماكرو جەھەتتىن باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ دېموكراتىيىلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ؛ غەمخورلۇق قىلىش، ئەپىقە بېرىش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ماكرو جەھەتتىن باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، تۈرلۈك غەمخورلۇق قىلىش، ئەپىقە بېرىش، ئورۇنلاشتۇرۇش سىياسىتىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلىشىشى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ؛ خەلق ئىشلىرى ئىگىلىكىنى ماكرو جەھەتتىن باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، پاراۋانلىق ئىشلەپچىقىرىشى ۋە پاراۋانلىق ئىشلىرىنى باشقۇرۇش سىستېمىسى ئورنىتىلىدۇ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلىدۇ؛ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش، ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش، يېزىلارنىڭ ياشانغانلار ئىجتىمائىي سۇغۇرتىسىنى ماكرو جەھەتتىن باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، يېزىلاردا ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمى ۋە باشقۇرۇش، مۇلازىمەت سىستېمىسى پەيدىنپەي ئورنىتىلىدۇ؛ مەمۇرىي رايونلارغا ئايرىش، نىكاھ، بېقىۋېلىش ۋە دەپنە ئىشلىرى قاتارلىق جەھەتلەردە ماكرو جەھەتتىن باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ.

بىۋاسىتە باشقۇرۇش فۇنكسىيىسى تۆۋەنگە چۈشۈرۈلىدۇ ۋە ئۆزگەرتىلىدۇ. ئاساسىي قاتلامدىكى خەلق ئىشلىرى كادىرلىرىنى تەربىيىلەش، نىكاھ ئەنزىلىرىنى قايتا قاراپ چىقىش ۋە كېسىم قىلىش، ناھىيە دەرىجىلىكتىن تۆۋەن پاراۋانلىق كارخانىلىرىنىڭ سالاھىيىتىنى يىللىق تەكشۈرۈش فۇنكسىيىسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرگە چۈشۈرۈپ بېرىلىدۇ. ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ئىش ئىزلىرىنى رەتلەش، توپلاش، يېزىلاردىكى ياشانغانلار ئىجتىمائىي سۇغۇرتىسىنى باشقۇرۇش ۋە ئىشلىتىش، ئېقىپ يۈرۈپ تىلەمچىلىك قىلغۇچىلارنى يىغىۋېلىش، قايتۇرۇش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش فۇنكسىيىسى كەسپىي ئورۇنلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدۇ. ئىجتىمائىي مەسلىھەت بېرىش مۇلازىمىتى، خەلقئارا، ئىچكى خەيرى - ساخاۋەت

ئاپپاراتلىرى ۋە شەخسلەر ئىئانە قىلغان پۇللارنى باشقۇرۇش ۋە مۇلازىمەت قىلىش فۇنكسىيىسى ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدۇ.

## 2. ئاساسىي مەسئۇلىيىتى

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلارنى باشقۇرىدىغان فۇنكسىيىلىك تارمىقى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسىي مەسئۇلىيىتى تۆۋەندىكىچە:

1) دۆلەتنىڭ خەلق ئىشلىرى خىزمىتىگە دائىر فاڭجېن، سىياسەتلىرىگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خەلق ئىشلىرى توغرىسىدىكى ئوتتۇرا، ئۇزاق مەزگىللىك تەرەققىيات پىلانى ۋە يىللىق خىزمەت پىلانىنى مۇھاكىمە قىلىپ تۈزىدۇ؛ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خەلق ئىشلىرىغا دائىر سىياسەت، قانۇن - بەلگىلىمىلىرىنى مۇھاكىمە قىلىپ تۈزۈپ چىقىدۇ ھەمدە ئۇنى تەشكىللەپ يولغا قويىدۇ، نازارەت قىلىدۇ، تەكشۈرىدۇ.

2) ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى تەشكىللەيدۇ، ئاپەت ئەھۋالىنى ئىگىلەيدۇ ۋە ئېلان قىلىدۇ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا ئىشلىتىدىغان پۇل ۋە ماددىي ئەشيالارنى قوبۇل قىلىدۇ، باشقۇرىدۇ ۋە تەقسىم قىلىدۇ. ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا ئىشلىتىلىدىغان پۇل ۋە ماددىي ئەشيالارنىڭ ئىشلىتىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرىدۇ، نازارەت قىلىدۇ؛ ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆز - ئۆزىنى قۇتقۇزۇشنى قانات يايدۇرۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ؛ يېزىلاردا ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ھەمكارلىق سۇغۇرتىسىنى قانات يايدۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

3) شەھەر، يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ، يېزىلاردىكى «5 تە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلە» لەرنى تەمىنلەش، بېقىش ۋە شەھەر - يېزىلاردىكى قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە مۇددەتلىك قۇتقۇزۇش بېرىش، ۋاقىتلىق قۇتقۇزۇش بېرىش ۋە باشقا ئالاھىدە قۇتقۇزۇش ئوبيېكتلىرىغا قۇتقۇزۇش بېرىش سىياسىتى، ئۆلچىمى ۋە چارىسىنى تۈزۈشكە مەسئۇل بولىدۇ ھەمدە ئۇنى تەشكىللەپ يولغا قويىدۇ ۋە نازارەت قىلىدۇ؛ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش، نامراتلارنى يۆلەش، ئوبوروت مەبلىغىنى ئىشلىتىش ۋە يېزىلاردىكى نامرات ئائىلىلەرگە يار - يۆلەك بولۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ.

4) ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش، نەپىقە بېرىش ۋە ئىنقىلابىي قۇربانلارنى تەقدىرلەش خىزمىتىنى باشقۇرىدۇ؛ دۆلەتنىڭ ئالاقىدار نىزاملىرىغا ئاساسەن، نەپىقە بېرىش ئوبيېكتلىرى ۋە دۆلەت ئورگانلىرىدىكى خادىملارغا ئېتىبار بېرىش، نەپىقە بېرىش ئۆلچىمى ۋە چارىسىنى تۈزۈپ چىقىدۇ ھەمدە ئۇنى تەشكىللەپ يولغا قويىدۇ ۋە نازارەت قىلىدۇ.

5) ئارمىيىدىن پېنسىيىگە، دەم ئېلىشقا چىققان كادىرلار، ھەربىي سەپتىن قايتقان كادىرلار، ھەربىي سەپتىن چېكىنگەن ئەسكەرلەر ۋە كەسىپ ئالماشتۇرغان پىدائىي ئەسكەرلەرنى قوبۇل قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ؛ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەربىي تەمىنات پونكىتلىرى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئارمىيىدىمۇ - يەرلىكتىمۇ ئىشلىيەلەيدىغان ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈش، ئىشلىتىش جەھەتتىكى باشقۇرۇش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ ۋە ئۇنى ماسلاشتۇرىدۇ؛ يەرلىكنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن ئارمىيىدىن پېنسىيىگە، دەم ئېلىشقا چىققان كادىرلار ساناتورىيىلىرى خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

6) ئاپتونوم رايونىمىز يېزىلىرىدىكى (يېزا - بازار كارخانىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ياشانغانلار ئىجتىمائىي سۇغۇرتىسى خىزمىتىنى باشقۇرىدۇ؛ جايلارنىڭ يېزىلاردا ياشانغانلار ئىجتىمائىي سۇغۇرتىسى تۈزۈمىنى ئورنىتىشى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ؛ يېزىلاردىكى ياشانغانلار سۇغۇرتا فوندىنى باشقۇرۇش ۋە ئىشلىتىشكە يېتەكچىلىك قىلىدۇ ۋە نازارەت قىلىدۇ.

7) ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات پىلانىنى تەشكىللەپ يولغا قويىدۇ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىجتىمائىي پاراۋانلىق كەسپىي ئورۇنلىرىنى باشقۇرۇپ ۋە ئىجتىمائىي رايون مۇلازىمەت خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىپ، ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت سىستېمىسىنىڭ ئورنىتىلىشى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ؛ ياشانغانلار ۋە مېيىپلەرنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەتىنى قوغداش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ؛ ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە مېيىپلەرنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى يۆلەش ۋە ئۇنى قوغداشقا دائىر سىياسەتلەرنى مۇھاكىمە قىلىپ تۈزۈپ چىقىدۇ ھەمدە نازارەت قىلىپ يولغا قويىدۇ؛ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئىجتىمائىي پاراۋانلىق كارخانىلىرىنى ماكرو جەھەتتىن باشقۇرىدۇ؛ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىجتىمائىي پاراۋانلىق بويىچە مۇكاپاتلىق ئىئانە توپلاش خىزمىتىنى باشقۇرىدۇ.

8) ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ شەھەر - يېزىلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشى ۋە ئاساسىي قاتلامدىكى ئاممىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، يېزىلاردا كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى

باشقۇرۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

9) مەمۇرىي رايونلارغا ئايرىش خىزمىتىنى ئىشلەيدۇ، كەلتۈرۈپ چىقىرىلغان يۇقىرى مەمۇرىي رايونلارنى تەسىس قىلىش، ئەمەلدىن قالدۇرۇش، نامىنى ئۆزگەرتىش ۋە چېگرا پاسىلىنى ئۆزگەرتىش ئىشلىرىنى تەكشۈرۈش، يۇقىرىغا يوللاپ تەستىقلىتىشقا مەسئۇل بولىدۇ؛ مەمۇرىي رايونلار پىلانىنى مۇھاكىمە قىلىدۇ ۋە ئۇنى تۈزۈنىش كىرگۈزۈپ بېكىتىدۇ؛ قوشنا ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلار بىلەن بولغان چېگرا پاسىلىنى سىزىش خىزمىتىنى ئىشلەيدۇ؛ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ مەمۇرىي رايون چېگرىسىنى بېكىتىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ؛ چېگرا تالاش-تارتىشلىرى ۋە ماجىرالىرىنى ماسلاشتۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىدۇ؛ ئاساسىي قاتلام مەمۇرىي رايونلىرىنىڭ چېگرا تالاش-تارتىشلىرىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ. دۆلەتنىڭ يەر ناملىرى توغرىسىدىكى قانۇن - نىزاملىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ يەر ناملىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى باشقۇرىدۇ.

10) دۆلەتنىڭ ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنى باشقۇرۇش توغرىسىدىكى قانۇن - نىزاملىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، رايون خاراكتېرلىك ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ۋە تىزىملاشقا مەسئۇل بولىدۇ ھەمدە قانۇن بويىچە نازارەت قىلىپ باشقۇرىدۇ؛ ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي تەشكىلاتلىرىنى تىزىملاش، باشقۇرۇش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ؛ ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنىڭ مەمۇرىي جەھەتتىن قايتا قاراپ چىقىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ.

11) ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نىكاھ ئىشلىرىنى تىزىملاش ۋە بالىلارنى بېقىۋېلىش خىزمىتىنى باشقۇرىدۇ، ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ ھوقۇق مەنپەئىتىنى قوغداش خىزمىتىگە قانۇن بويىچە يېتەكچىلىك قىلىدۇ؛ دەپنە ئىشلىرى ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇپ، دەپنە ئىشلىرى كەسپىي ئورۇنلىرىنى باشقۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىدۇ. ئىقسپ يۈرۈپ تىلەمچىلىك قىلغۇچىلارنى يىغىۋېلىش، قايتۇرۇش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ ۋە ئۇنى ماسلاشتۇرىدۇ. جايلاردىكى يىغىۋېلىش، قايتۇرۇش پونكىتلىرى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى ماسلاشتۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

12) ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خەلق ئىشلىرى كەسپىي مالىيە خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ، خەلق ئىشلىرى كەسپىي خىراجىتىنى ئىشلىتىش ۋە باشقۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىدۇ، نازارەت قىلىدۇ.

13) ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تاپشۇرغان باشقا خىزمەتلەرنى بېجىرىدۇ.

## 3. ئىچكى ئاپپاراتلار

يۇقىرىقى مەسئۇلىيەتلەرگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتىدە 13 فۇنكسىيىلىك باشقارما ۋە ئىشخانا تەسىس قىلىنىدۇ.

1) ئىشخانا

نازارەت رەھبەرلىرىگە ياردەملىشىپ مەمۇرىي ئىشلار ۋە ئورگاننىڭ كۈندىلىك خىزمەتلىرىنى بىر تەرەپ قىلىدۇ؛ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خەلق ئىشلىرى كەسپىي ئىشلىرىنىڭ ئوتتۇرا - ئۇزاق مۇددەتلىك تەرەققىيات پىلانى ۋە يىللىق خىزمەت پىلانىنى مۇھاكىمە قىلىپ تۈزۈپ چىقىدۇ؛ ئاپتونوم رايون خاراكتېرلىك يىغىنلارنىڭ يىغىن ئىشلىرى خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ؛ كاتىبات، تەرجىمە، ئۇچۇر - تەشۋىقات، ئارخىپ، ئەرزىيەت، مەخپىي ئىشلار، تاپشۇرۇۋېلىش - تارقىتىش، قوغداش، ئاسىي قۇرۇلۇش ۋە نازارەت ئورگىنىنىڭ مالىيە خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ؛ ھەر قايسى باشقارما، ئىشخانىلار ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ خىزمىتىنى ماسلاشتۇرىدۇ؛ خەلق ئىشلىرى خىزمىتىگە دائىر مۇھىم فاكچېن، سىياسەتلەرنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىدۇ؛ خەلق ئىشلىرىدا قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش بويىچە تەربىيىلەش لايىھىسىنى تۈزىدۇ ھەمدە جايلارنىڭ ئۇنى يولغا قويۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ؛ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خەلق ئىشلىرى قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى پىلانى ۋە خەلق ئىشلىرىغا دائىر نىزاملارنى تۈزۈش، ئۇنىڭغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش، ئۇنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىدۇ، ئورگان مۇلازىمەت مەركىزىنىڭ خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ ۋە باشقۇرىدۇ.

2) نەپىقە باشقارمىسى

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش خىزمىتى ۋە نەپىقە بېرىش ئوبيېكتلىرىغا نەپىقە بېرىش، ئېتىبار بېرىش، قوشۇمچە ياردەم بېرىش ھەمدە دۆلەت ئورگانلىرىدىكى يارىلانغان، ئۆلگەن خادىملارغا نەپىقە بېرىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ؛ گوۋۇيۈەننىڭ ئالاقىدار نىزاملىرىغا ئاساسەن نەپىقە بېرىش، ئېتىبار بېرىشكە دائىر نىزاملارنى تۈزۈپ چىقىدۇ، نەپىقە بېرىش ئۆلچىمىنى تەكشۈرىدۇ، نەپىقە بېرىش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرىدۇ؛ ئىنقىلابىي قۇربان دەپ نام بېرىشنى تەكشۈرىدۇ ۋە يۇقىرىغا يوللاپ تەستىقلىتىدۇ؛ داۋالاش نەپىقە كەسپىي ئورۇنلىرى ۋە ئىنقىلابىي قۇربانلار خاتىرە ئىمارەتلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

3) ئارمىيىدىن چېكىنگەن ھەربىيلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش

باشقارمىسى

ھەربىي سەپتىن چېكىنگەن ئەسكەرلەر، كەسپ ئالماشتۇرغان پىدائىي ئەسكەرلەر ۋە ھەربىي سەپتىن چېكىنگەن كادىرلارنى قوبۇل قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ؛ دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن يەرلىك قانۇن - نىزاملارنى تۈزۈپ چىقىدۇ ۋە ئۇنى تەشكىللەپ يولغا قويىدۇ؛ ئارمىيىدىمۇ، يەرلىكتىمۇ ئىشلىيەلەيدىغان ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈش، ئىشلىتىش ۋە ئارمىيە بىلەن يەرلىكنىڭ بىرلىكتە ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈشنى ماسلاشتۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ؛ ھەربىي تەمىنات پونكىتلىرى، ھەربىيلەرنى سۇ بىلەن تەمىنلەش پونكىتلىرى، ھەربىيلەرنى كۈتۈۋېلىش پونكىتلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ ۋە ئۇنى ماسلاشتۇرىدۇ.

٤) ئارمىيىدىن دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان كادىرلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش باشقارمىسى

شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملار (قوراللىق ساقچى قىسىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) دىن دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان كادىرلار، ھەربىي تەۋەلىكى بولمىغان پېنسىيىگە چىققان، خىزمەتتىن چېكىنگەن ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى قوبۇل قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش، باشقۇرۇش ۋە ئۆي رېمونت قىلىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ؛ ئىلگىرى قوبۇل قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان يەرلىكتىن پېنسىيىگە، دەم ئېلىشقا چىققان كادىرلار ۋە ئىشچىلارغا مۇلازىمەت قىلىش، ئۇلارنى باشقۇرۇش ۋە يەرلىككە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن ئارمىيىدىن دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان كادىرلار ساناتورىيىلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ؛

٥) ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش، ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش باشقارمىسى

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ۋە يېزىلاردىكى ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ. ئالاقىدار سىياسەت، قانۇن، نىزاملارنى يولغا قويۇش چارىسىنى تۈزۈپ چىقىدۇ ھەمدە ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرىدۇ، نازارەت قىلىدۇ؛ ئاپەت ئەھۋالىنى ئىگىلەيدۇ ۋە ئېلان قىلىدۇ، ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلقنىڭ ھال سوراش ئىشىنى تەشكىللەيدۇ، ئاپەت يۈز بەرگەن رايونلاردا ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆز - ئۆزىنى قۇتقۇزۇشنى قانات يايدۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىدۇ؛ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا ئىشلىتىلىدىغان پۇل، ماددىي ئەشيالارنى قوبۇل قىلىدۇ، باشقۇرىدۇ، تەقسىم قىلىدۇ؛ يېزىلاردىكى ٥ تە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلىلەر ۋە ياشانغانلار ساناتورىيىلىرى خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ؛ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش، نامراتلارنى يۆلەش ئۇبوروت مەبلىغىنى ئىشلىتىشكە يېتەكچىلىك قىلىدۇ، يېزىلاردا ئىجتىمائىي كاپالەتلەندۈرۈش سىستېمىسىنى ئورنىتىدۇ ۋە راۋاجلاندۇرىدۇ، يېزىلاردا ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ھەمكارلىق سۇغۇرتىسىنى قانات يايدۇرىدۇ؛ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش، نامراتلارنى يۆلەش ھەمكارلىق زاپاس پۇل كاسسىسى ۋە زاپاس ئاشلىق كاسسىلىرى خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ؛ يېزىلاردىكى ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش، نامراتلارغا نەپىقە بېرىلىدىغانلارغا يار - يۆلەك بولۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ.

٦) يېزا ئىجتىمائىي سۇغۇرتا باشقارمىسى

ئاپتونوم رايونىمىز يېزىلىرى (يېزا - بازار كارخانىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) دىكى ياشانغانلار ئىجتىمائىي سۇغۇرتىسى خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ؛ ئالاقىدار سىياسەت، قانۇن - نىزاملارنى يولغا قويۇش چارىسى ۋە يېزىلاردا ياشانغانلار ئىجتىمائىي سۇغۇرتىسىنى راۋاجلاندۇرۇش پىلانىنى تۈزۈپ چىقىدۇ ھەمدە ئۇنى تەشكىللەپ يولغا قويىدۇ؛ جايلارنىڭ يېزىلاردا ياشانغانلار ئىجتىمائىي سۇغۇرتىسى تۈزۈمىنى، باشقۇرۇش سىستېمىسىنى ئورنىتىشنى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ؛ يېزىلاردا ياشانغانلار ئىجتىمائىي سۇغۇرتىسى فوندىنى باشقۇرۇش ۋە ئىشلىتىشكە يېتەكچىلىك قىلىدۇ ۋە ئۇنى نازارەت قىلىدۇ.

٧) ئىجتىمائىي پاراۋانلىق باشقارمىسى

دۆلەتنىڭ ئالاقىدار سىياسەت، قانۇن - نىزاملىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرى تەرەققىيات پىلانىنى تۈزىدۇ ھەمدە ئۇنى تەشكىللەپ يولغا قويىدۇ، نازارەت قىلىدۇ ۋە تەكشۈرىدۇ؛ جايلارنىڭ شەھەر - بازارلاردىكى ئاھالىلەرنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش چېكىنى بېكىتىش ۋە قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە قۇتقۇزۇش بېرىش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ؛ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ شەھەر - يېزىلاردىكى ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ساناتورىيىسى، بالىلار ساناتورىيىسى، يېتىم بالىلار مەكتىپى، پاراۋانلىق دوختۇرخانىسى، ياشانغانلار بىناسى قاتارلىق ئىجتىمائىي پاراۋانلىق كەسپىي ئورۇنلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ؛ مېيىپلەرنىڭ سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە ئۇلارنى ئالاھىدە تەربىيىلەش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ؛ ياشانغانلارنىڭ پاراۋانلىق خىزمىتىنى ماسلاشتۇرىدۇ؛ خەلقئارا جەمئىيەت ئىئانە قىلغان پۇل ۋە ماددىي نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىدۇ، باشقۇرىدۇ؛ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئىجتىمائىي پاراۋانلىق كارخانىلىرىنى ماكرو جەھەتتىن باشقۇرىدۇ؛ دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئىجتىمائىي پاراۋانلىق كارخانىلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش پىلانىنى تۈزىدۇ، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا يار - يۆلەك بولۇش ۋە ئۇنى

قوغداش سىياسىتىنىڭ ئىزچىل ئەمەلىيلىشىشىنى نازارەت قىلىدۇ؛ شەھەر - يېزىلاردىكى پاراۋانلىق كارخانىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تېخنىكا ئۆزگەرتىش خىزمەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ؛ پاراۋانلىق كارخانىلىرىدا زامانىۋى كارخانا باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئورنىتىشقا يېتەكچىلىك قىلىدۇ؛ پاراۋانلىق كارخانىلىرىنىڭ سالاھىيىتىنى بېكىتىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

8) ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشى باشقارمىسى

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى شەھەر - يېزىلارنىڭ ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتى ۋە كەنت كومىتېتى، ئاھالىلەر كومىتېتى قاتارلىق ئاساسىي قاتلامدىكى ئاممىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش تەشكىلاتى قۇرۇلۇشى خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ؛ مەھەللە ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ؛ كەنت ئاھالىلىرى كومىتېتلىرى تەشكىلىي قانۇنى ۋە ئاھالە كومىتېتلىرى تەشكىلىي قانۇنىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ ۋە ئۇنى تەكشۈرىدۇ؛ يېزىلاردىكى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش ۋە ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ؛ ئىجتىمائىي رايون مۇلازىمىتى خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ، ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت سىستېمىسىنىڭ ئورنىتىلىشى ۋە راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

9) مەمۇرىي رايونلارغا ئايرىش، يەر ناملىرى باشقارمىسى

دۆلەتنىڭ مەمۇرىي رايونلارغا ئايرىش، يەر ناملىرىنى باشقۇرۇشتىكى سىياسەت - بەلگىلىمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرىدۇ، يەرلىك قانۇن، نىزاملارنى تۈزىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى نازارەت قىلىدۇ؛ ئاپتونوم رايوننىڭ مەمۇرىي رايونلارغا ئايرىش ۋە يەر ناملىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ؛ ئاپتونوم رايوننىڭ مەمۇرىي رايونلارغا ئايرىشتىكى ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرۇشنى تەتقىق قىلىدۇ؛ كەنتتىن يۇقىرى مەمۇرىي رايونلارنى تەسىس قىلىش، ئەمەلدىن قالدۇرۇش، نامىنى ئۆزگەرتىش، چېگرا پاسىلىنى ئۆزگەرتىش ۋە يېزا، بازارلىق ھۆكۈمەتتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باشقا جايغا كۆچۈشىنى تەكشۈرۈش ۋە يۇقىرىغا يوللاپ تەستىقلىتىش خىزمىتىنى بېجىرىدۇ؛ قوشنا ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلار بىلەن بولغان چېگرا پاسىلىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش خىزمىتىنى بېجىرىدۇ؛ ئاپتونوم رايوندىكى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ مەمۇرىي رايونلىرىنىڭ چېگرا پاسىللىرىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ؛ ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ چېگرا پاسىلى جەھەتتىكى تالاش - تارتىشلىرىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىدۇ؛ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە كىرىم قىلىش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىدۇ؛ جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە، ھەر كەسىپلەرنىڭ ئۆلچەملەشكەن يەر ناملىرىنى قانۇن بويىچە ئىشلىتىشىنى نازارەت قىلىدۇ؛ يەر ناملىرى بەلگىلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ۋە ئۇنى يېڭىلاش خىزمىتىنى تەشكىللەيدۇ ۋە تەكشۈرىدۇ؛ يەر ناملىرى ئارخىپ - ماتېرىياللىرى ئورنىنىڭ خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

10) ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنى باشقۇرۇش باشقارمىسى

دۆلەتنىڭ ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنى باشقۇرۇش توغرىسىدىكى سىياسەت، قانۇن - نىزاملىرىنى ئىزچىللاشتۇرىدۇ، رايون خاراكتېرلىك ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش، تىزىملاش ھەمدە ئۇنى قانۇن بويىچە نازارەت قىلىش، باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولىدۇ؛ ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنى تىزىملاپ باشقۇرۇش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ؛ ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنىڭ مەمۇرىي جەھەتتىن قايتا قاراپ چىقىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ.

11) ئىجتىمائىي ئىشلار باشقارمىسى

ئاپتونوم رايوننىڭ نىكاھ، دەپنە ئىشلىرى، بالىلارنى بېقىۋېلىش، تىزىملاپ باشقۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ. دۆلەتنىڭ ئالاقىدار قانۇن- نىزاملىرىنى تەشۋىق قىلىدۇ، ئىزچىللاشتۇرىدۇ، يەرلىك قانۇن - نىزاملارنى تۈزىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ ئىجراسىنى نازارەت قىلىدۇ؛ چەتكە چېتىلىدىغان نىكاھ ئىشلىرى ۋە چەتكە چېتىلىدىغان بېقىۋېلىشنى تىزىملاش ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە بېجىرىدۇ؛ قانۇنلۇق نىكاھ ۋە ئاياللار، بالىلارنىڭ ھوقۇق- مەنپەئىتىنى قانۇن بويىچە قوغدايدۇ؛ دەپنە ئىشلىرىنى ۋە توي- تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرىدىكى كونا - ئۆرپ ئادەتنى ئىسلاھ قىلىدۇ؛ ئاپتونوم رايوندىكى دەپنە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئورۇنلىرى، دەپنەخانىلىرى، قەبرىستانلىق، يىغىۋېلىپ قايتۇرۇش پونكىتى ۋە تىلەمچىلەرنى يىغىۋېلىپ ئورۇنلاشتۇرۇش دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ باشقۇرۇش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

12) پىلان، مالىيە باشقارمىسى

ئاپتونوم رايوننىڭ خەلق ئىشلىرى كەسپىي راسخوتىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ ئىشلىتىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا نازارەت قىلىدۇ؛ ئاپتونوم رايوننىڭ خەلق ئىشلىرى پىلانى، مالىيە قائىدە - تۈزۈملىرىنى تۈزىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى نازارەت قىلىدۇ؛ ئاپتونوم رايوننىڭ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئاپتوموبىللىرىنى يېڭىلاش رەسمىيىتىنى بېجىرىشكە مەسئۇل بولىدۇ؛ نازارەت ئورگىنى ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدىكى مۈلۈكلىرىنى باشقۇرۇشىغا يېتەكچىلىك

قىلىدۇ؛ ئاپتونوم رايوندىكى خەلق ئىشلىرى سىستېمىسىنىڭ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش، ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش پۇلى، مۇكاپاتلىق ئىئانە توپلاش ئارقىلىق يىغىلغان ئىجتىمائىي پاراۋانلىق مەبلىغى، يېزىلارنىڭ ياشانغانلار ئىجتىمائىي سۇغۇرتا فوندى ۋە ئېنبار بېرىش، نەپىقە بېرىش مەبلىغىنى باشقۇرۇش، ئىشلىتىش ئەھۋالىنى مۇپەتتىش قىلىشقا ۋە نازارەت قىلىشقا مەسئۇل بولىدۇ، نازارەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ مالىيىسىنى مۇپەتتىش قىلىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ.

13) سىياسىي باشقارما

نازارەت ئورگىنىدىكى باشقارما (ئىشخانا) ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىك بەنزە قۇرۇلۇشى خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ؛ نازارەت ئورگىنىنىڭ ئىشىغا مەسئۇل بولىدۇ ھەمدە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ ئاپپارات، شتات، كادىرلار ئىشى، ئەمگەك، مائاش، ئۇنۋان، بىخەتەرلىك، قوغداش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ؛ ئاپتونوم رايوننىڭ خەلق ئىشلىرى مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇش پىلانىنى تۈزىدۇ، ئاپتونوم رايوننىڭ خەلق ئىشلىرى سىستېمىسىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى تەربىيىلەش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

ئورگان پارتكومى

نازارەت ئورگىنى ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ پارتىيە ئىشلىرى ۋە ئاممىۋى خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ.

ئىنتىزام تەكشۈرۈش (مەمۇرىي تەپتىش) گۇرۇپپىسى

نازارەت ئورگىنى ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش ۋە مەمۇرىي تەپتىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ.

## 4. خادىملار شتاتى ۋە رەھبەرلىك ۋەزىپە سانى

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتى ئورگىنىنىڭ مەمۇرىي شتاتى 100 بولىدۇ (ئىنتىزام تەكشۈرۈش، مەمۇرىي تەپتىش خادىمى 3 نەپەر). بۇنىڭ ئىچىدە نازىر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ۋەزىپە سانى 6 نەپەر (ئىنتىزام تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقىنى ئىچىگە ئالىدۇ). باشقارما دەرىجىلىك رەھبەرلىك ۋەزىپە سانى 37 نەپەر بولىدۇ.

بەلگىلىمە بويىچە پېشقەدەم كادىرلار خىزمىتى باشقارمىسى تەسىس قىلىندى، 5 شتات ئايرىم چوشۇرۇلدى، رەھبەرلىك ۋەزىپە سانى 2 بولدى.

## 5. كەسپىي ئورۇن ۋە شتات

1) ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتى ئورگىنى مۇلازىمەت مەركىزى تەسىس قىلىنىدۇ، ئۇ ناھىيە دەرىجىلىك ئورۇن بولۇپ، كەسپىي شتاتى 28 بولىدۇ، ئۇنىڭ ئىچىدە پۈتۈن سوممىلىق خام چوت بويىچە باشقۇرۇلىدىغانلار 13 نەپەر، ئۆزى كىرىم قىلىپ، ئۆزى چىقىم قىلىدىغانلار 15 نەپەر. رەھبەرلىك ۋەزىپە سانى 2 بولىدۇ.

2) ئاپتونوم رايونلۇق يەر ناملىرى ئىشخانىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، كەسپىي شتاتى قايتۇرۇۋېلىنىدۇ، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى خەلق ئىشلىرى نازارىتى مەمۇرىي رايونلارغا ئايرىش - يەر ناملىرى باشقارمىسىغا بېرىلىدۇ.

3) ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ئىشخانىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، كەسپىي شتاتى قايتۇرۇۋېلىنىدۇ، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى خەلق ئىشلىرى نازارىتى يېزا ئىجتىمائىي سۇغۇرتا باشقارمىسىغا بېرىلىدۇ.

4) ئاپتونوم رايونلۇق يېزىلارنىڭ ياشانغانلار ئىجتىمائىي سۇغۇرتا فوندىنى باشقۇرۇش مەركىزى تەسىس قىلىنىدۇ، ئۇ ناھىيە دەرىجىلىك ئورۇن بولۇپ، كەسپىي شتاتى 10 نەپەر، رەھبەرلىك ۋەزىپە سانى 3 بولۇپ، راسخوتىنى ئۆزى كىرىم قىلىپ، ئۆزى چىقىم قىلىدۇ.

5) ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پاراۋانلىق بويىچە مۇكاپاتلىق ئىئانە توپلاش كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ ئاپپاراتى ساقلاپ قېلىنىدۇ، ئۇ ناھىيە دەرىجىلىك ئورۇن بولۇپ، كەسپىي شتاتى ئەسلىدىكى 10 دىن 15 كە كۆپىيىدۇ، رەھبەرلىك ۋەزىپە سانى 3 بولىدۇ، راسخوتى پەرقلىق سوممىلىق خام چوت بويىچە باشقۇرۇشتىن ئۆزى كىرىم قىلىپ، ئۆزى چىقىم قىلىشقا ئۆزگەرتىلىدۇ.

6) شىنجاڭدا ئۆتكەن ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى توپلاش، رەتلەش ئىشخانىسىنىڭ ئاپپاراتى ساقلاپ قېلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئاپپارات دەرىجىسى، كەسپىي شتاتى، رەھبەرلىك ۋەزىپە سانى ۋە پۈتۈن سوممىلىق خام چوت بويىچە باشقۇرۇلۇش خاراكتېرى ئۆزگەرمەيدۇ.

7) ئىجتىمائىي پاراۋانلىق كارخانىلىرىنى باشقۇرۇش ئىشخانىسىنىڭ ئاپپاراتى ساقلاپ قېلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئاپپارات دەرىجىسى، كەسپىي شتاتى، رەھبەرلىك ۋەزىپە سانى ۋە راسخوتىنى باشقۇرۇش شەكلى ئۆزگەرمەيدۇ.

ئەسلىدە بېكىتىلگەن خەلق ئىشلىرى تەزكىرىسىنىڭ 4 نەپەر پۈتۈن سوممىلىق كەسپىي شتاتى ساقلاپ قېلىنىپ، خەلق ئىشلىرى نازارىتى ئىشخانىسى تەۋەلىكىدە بولىدۇ.

# قېلىپلاشتۇرۇلغان ئاتالغۇلار

**ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتى**

**ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىلىدىكى ئاتالغۇلارنى قېلىپلاشتۇرۇش - بېكىتىش كومىتېتى**

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

| | |
|---|---|
| جازالاش | 惩戒 |
| سۇغۇرتىلاش | 承保 |
| چېكمنى ئېتىراپ قىلىش | 承兑 |
| سېتىپ بېرىش | 承销 |
| ئىجارىكەش | 承租人 |
| چەك ئىگىسى | 持票人 |
| تەكرار سۇغۇرتا | 重复保险 |
| قايتا (قويۇلغان) باھا | 重置价格 |
| مۇستەسنا جاۋابكارلىق | 除外责任 |
| تۇنجى سوتچى | 初任审判员 |
| چەك كەسكەن جاي | 出票地 |
| چەك كەسكۈچى | 出票人 |
| كېمىيىش | 出缺 |
| كېمەيگەن ۋەكىل | 出缺代表 |
| تۇغۇلىدىغان نوپۇس | 出生人口 |
| چەكنى كۆرسىتىش | 出示票据 |
| ئىجارىچى | 出租人 |
| ۋىترىن | 橱窗 |
| پۇل ئامانىتىدە راست ئىسىم فامىلىسىنى يېزىش تۈزۈمى | 储蓄存款实名制 |
| پۇقرالار پۇل ئامانەت كەسپى | 储蓄存款业务 |
| يۇقۇش مەزگىلى | 传染期 |
| قازان - قومۇچ | 炊具 |
| كەسىپكارلار | 从业人员 |
| يىرىكلىكتىن تۈجۈپىلىككە بۇرۇلۇش | 粗放型向集约型转变 |
| كەنت قالدۇرۇقى | 村提留 |
| ئاتسېتاتلىق سۈزگۈچ | 醋酸纤维过滤嘴(醋纤嘴棒) |
| ئامانەت پۇل چىقىم ئېھتىيات فوندى | 存款备付金 |
| ئامانەت پۇل تەييارلىق فوندى. | 存款准备金 |
| قىستۇرۇلىۋېلىپ ھەق ئېلىش | 搭车收费 |
| باش پروكۇراتور | 大检察官 |
| ئاممىۋى تارقىتىش ۋاسىتىلىرى | 大众传播媒介 |
| كۆپ مىقدارلىق مەھسۇلات | 大宗产品 |
| يوپۇرماق يايغۇچ (تاماكىنىڭ) | 打叶机 |
| ھېسابتا تۇرۇپ قالغان قەرز پۇل | 呆帐 |
| ھېسابتا تۇرۇپ قالغان قەرز پۇل تەييارلىق فوندى | 呆帐准备金 |
| پۇل بېلىتى | 代币票券 |
| ۋەكالىتەن تېگىشىپ بېرىش | 代理兑付 |
| ۋەكالەتچىلىك مۇناسىۋىتى | 代理关系 |
| ۋەكالەتچىلىك ھوقۇقى | 代理权 |
| قەرز پۇل كۆلىمى | 贷款规模 |
| قەرز پۇل ئۆسۈم نىسبىتى | 贷款利率 |
| ئوقۇش قەرز پۇلى | 贷学金 |
| يەككە تۈر تەنتەربىيىسى | 单项体育 |
| كېپىللىك قەرز پۇل | 担保贷款 |
| شۇ قەرەللىك سۇغۇرتا ھەققى | 当期保险费 |
| ئەخلاقىي خەۋپ | 道德危险 |
| ئېرىشكەن ئاۋاز سانى | 得票数 |
| تەڭ نامزاتلىق سايلام | 等额选举 |
| دەرىجە شتاتى | 等级编制 |

(ئاخىرى كېيىنكى ساندا)




XJ—150 تىپلىق تراكتور




H503XJ تىپلىق كېۋەزلىكتە ئىشلىتىلىدىغان تراكتور



XJ—220 تىپلىق تراكتور



XJ—250 تىپلىق تراكتور



XJ—500 تىپلىق تراكتور




XJ—200 تىپلىق تراكتور



XJ—180 تىپلىق تراكتور



XJ—184 تىپلىق تراكتور



B2XQ تىپلىق شەھەر كوچىلىرىدا قار تازىلاش ماشىنىسى




XJ—H150 تىپلىق تراكتور



← ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋۇ دۇڭفۇ بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى خوجىخان ھاكىمۇف شىنجاڭ ئۈكتەبىر تراكتور ياساس (گۇرۇھى) مەسئۇلىيەت چەكلىك شىركىتىگە بېغىشلانغان ئابىدىنىڭ يوپۇقىنى ئاچتى.



← بۇ شىركەتتە ئىشلەپچىقىرىلغان تراكتورلار مەملىكەت ئىچىدىكى بازارلاردا سېتىلىشتىن سىرت يەنە ئوتتۇرا ئاسىيا، جەنۇبىي ئاسىيادىكى دۆلەتلەر ۋە لېتىۋا قاتارلىق دۆلەتلەردە سېتىلماقتا، سۈرەتتە چەتئەل سودىگەرلىرى تراكتورلارنى سېتىۋېلىش ھەققىدە سۆزلەشمەكتە.



**شىنجاڭ ھۆكۈمەت ئاخباراتى**
ئايلىق ژۇرنال
مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن
نومۇرى — CN65−1172/D

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى نەشر قىلدى
شىنجاڭ ھۆكۈمەت ئاخباراتى تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى
پوچتا نومۇرى 830041، تېلېفون 2819585 ئارقىلىق 23317_23318_23333
ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى